国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION
دۆلەتنىڭ نەشر
فوندى تۈرى

ئابدۇكېرىم رەھمان

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (15)

# قەشقەر
# بىناكارلىق مەدەنىيىتى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئابدۇكېرىم رەھمان 1941 - يىلى
12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر شە -
ھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزىسىنىڭ
بۇچى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1959 - يى -
لىدىن 1964 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇ -
نىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇل -
تېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن
كېيىن ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتتا ئوقۇت -
قۇچى بولغان. 1984 - يىلدىن 1992 -
يىلغىچە تىل - ئەدەبىيات فاكۇل -
تېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى
بولغان. 1992 - يىلى پىروفېسسور
ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ جەرياندا
مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىدىن 10
چوڭ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان،
«جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدە -
نىيەت قامۇسى»، «جۇڭگو ئازسانلىق
مىللەتلەر سەنئەت لۇغىتى»، «جۇڭگو

دۆلەت نەشرىياتچىلىق فوندىنىڭ ياردەم
مەبلىغىگە ئېرىشكەن ئەسەر

国家出版基金资助项目

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ئابدۇكېرىم رەھمان

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (15)

# قەشقەر
# بىناكارلىق مەدەنىيىتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (15)

# قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى

ئاپتورى: **ئابدۇكېرىم رەھمان**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 8.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012- يىلى 7- ئاي 1- نەشرى
2012- يىلى 7- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

---

ISBN 978—7—5373—2759—6
باھاسى: 26.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927—0998

# «قەشقەر» مەجمۇئەسنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

## 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明
米吉提·卡德尔

副主任：张新泰
古力先·吐拉洪
依明·艾合买提
赵新尉
木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼
阿迪力·穆罕默德
聂光玉
克力木江·阿布都热依木
阿布拉江·色依提
艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15 ـ ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا ـ ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئىسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى

ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سېپىرلىرى توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ

قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009 - يىلى 1 - يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېقىنقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.
بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

قەشقەر، 2009 - يىلى 1 - ماي

# ئاپتوردىن

ئىنسان ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە «ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت»، «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دېگەندەك ئوخشاش ھېكمەتلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيدىكەن. «ئەمەتمىش — بۇ دۇنيادىن كەتمىش» مەزگىللىرىگە قەدەم قويغاندىن سۆگرە بىرخىل قورقۇش پىسخىكىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۆمۈر مەنزىللىرى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدىكەنۇ، ئەمما ھەرقانچە تىرمىشىپمۇ سۈدەك ئېقىپ كەتكەن مەنىسىز كۈنلىرىنى تولدۇرۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدىكەن. پەقەت ئەپسۇس ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆزاقراق ياشاشتىن ئىبارەت ھايات ئىستىكى قوزغىلىپ، ھەكىم ئېبىن سىناغا كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىدىغان ھالەتكە مۇپتىلا بولىدىكەن. ئۆتكەن كۈنلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن «شۈكرى» قىلىش ئەقلىي ئىنسانغا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىكەن، كۆرۈم بىلەن ئۆلۈم ئۆزلۈك پىسخىكىسى گادايلارغىمۇ، شاھىنشاھلارغىمۇ ئورتاق ئىكەن. ئىنسان ئەنە شۇ قانائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھاياتقا ئۈمىدۋار قاراشتەك ئىنسانىي خۇلقىنىڭ سۈلكەتلىك ئاشىناسى بولالايدىكەن. بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

بودۇم ئوقتەگ ئەردى، كۆگۈل ئەردى يا،
كۆگۈل قىلغۇ ئوقتەگ، بودۇم بولدى يا،
(بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆگۈل ئىدى يا،
كۆگۈل قىلغۇ ئوقتەك، بويۇم بولدى يا.)

دەپ توغرا ئېيتقان.

«سۈگۈچتىن ئۆملەپ كىرىپ غورا ئۈزگەن» شاش كۈنلىرىم تېخى تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىمدە. ھالبۇكى، ھەش- پەش دېگۈچە ئۆمۈر مەنزىلىم يەتمىشكە ئۇلىشىپتۇ، كۆڭلۈم ئۇ ۋاقتەك ئۈچقۇر بولسىمۇ، بويۇم يادەك ئېگىلىپتۇ. يەتمىش يىللىق كەچمىش- كەچۈرمىشلىرىمنى ئەزۋەيلەشكە رايىم يوق؛ ئۆتكەن يەتمىش باھار، يەتمىش ياز، يەتمىش كۈز، يەتمىش قىشنىڭ ھەممىسى ھاياتىمنىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە مەن ئۈچۈن تاتلىق ئەسلىمە، خالاس. بۇ ھايات مۇساپەمنىڭ قىممىتىنى يەكۈنلەشكە ئاجىزمەن، ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا دىلكەش خەلقىم، ئورپاقلىرىمنىڭ ئادىل تارازىسى ئۆلچەيدۇ. لېكىن، ۋىجدانىم گۇۋاھكى، بىر ئۆمۈر ئاۋامنىڭ «ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققان» لىقىم سىر ئەمەس.

«تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپمىغىنى بىر باش پىياز،
تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپمىغىنى چۈجە خوراز»

دېگەندەك، يەتمىش يىلىمنىڭ نېسىۋىسى سۈپىتىدە ئانا يۇرتۇمغا بېغىشلاپ 2 توملۇق «ئەزىزانە قەشقەر»نى روياپقا چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن پىلانلىغان 30 توملۇق «قەشقەر مەجمۇئەسى»نى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقىمدىن مەمنۇنمەن. ھۆزۈرۈڭلارغا سۇنۇلغان بۇ ئەسەرمۇ ئاشۇ «مەجمۇئە»نىڭ تەركىبىي قىسمى. گەرچە ئەقىل داتلىشىپ، قەلەم گاللاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئارزۇ- ئۈمىد ئىشقىدا پەرۋانىمەن. شۇڭا، ھايات چىرىغىم ئۆچكىچە ئۇشبۇ مۇقامنى تولايمەن:

«يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.»
(ل. مۇتەللىپ)

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە
I باب قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى .......... 1
1. ئومۇمىي بايان.................................... 1
2. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى ... 23
3. شەھەر، ئوردا ـ ساراي ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ........... 32
4. يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتى ........................... 50
II باب ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تۈرى، ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ................................... 91
1. ئومۇمىي چۈشەنچە ............................ 91
2. قەشقەر تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ............ 92
3. قەشقەر تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى .......... 126
4. قەشقەردىكى داڭلىق بىناكارلىق شەجەرىسى .............. 148
III باب قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ...... 179
1. قەشقەر كوناشەھەر رايونىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش پىلانى ........................................ 179
2. قەشقەر كوناشەھەرنى ئۆزگەرتىش ۋە قايتا قۇرۇش لايىھەسى ۋە قوللانغان تەدبىرلەر ............................ 189
3. قەشقەر شەھىرىنىڭ كېلەچەكى ھەققىدىكى تەسىرات ۋە تەسەۋۋۇرلار .................................... 197
خاتىمە ................................................ 211
ئىسخېما ۋە سۈرەتلەر ................................ 215

# مۇقەددىمە

بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىنى يادرو قىلغان ھالدا، ماددىي مۇھىت، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى ۋە گەۋدىلىشىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئۇنىۋېرسال ماددىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ كۆپ خىل ئىقتىدارلىق مەۋجۇدىيەت سىستېمىسىدۇر.

بىناكارلىق تۇرالغۇ ئۆي ياساشنى ئاساس قىلغان بىر خىل ھۈنەر-كەسىپ تۈرى بولۇپ، سانسىز ئەجداد- ئەۋلادلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەجىر-مېھنەتلىرى ۋە ئىختىرالىرى نەتىجىسىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

تۇرالغۇ ئۆي يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلەمچى ئېھتىياجى سۈپىتىدە، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن باشلاپ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، تەبىئەتتىكى جانلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋە رەقىبلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناھلىنىش مەقسىتىدە ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق بولغان تۇرالغۇ جايغا موھتاج بولىدۇ. بۇ موھتاجلىق ھەتتا چۈمۈلىلەرنىمۇ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تىنىمسىز ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ پاناھلىنىش ئۇۋىلىرى (چۈمۈلە ئۆيى)نى ياساشقا ئۈندىگەن. ئادەملەرمۇ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ياۋايىلىق دەۋرلىرىدە تاغ- ئېدىرلاردىكى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەرنى، چەكسىز ئورمانلىقلاردىكى دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرىنى ياكى دەرەخلەرنىڭ ئاچا - شاخلىرىدىن كىرىشتۈرۈلگەن ساتمىلار...... نى ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ - قونالغۇ جايى قىلغان. بۇنداق ئۆڭكۈر ھاياتىنى ئىنسانلارنىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئىنسانغا خاس ياشاش ئىستىلىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ تۇنجى بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق ئىپتىدائىي پاناھلىنىش جايى ھەقىقىي مەنىدىكى

ئىنسانىي ئەقىل ـ ئىدراكىدىن تۇغۇلغان قول ئەمگىكىنىڭ سەنئەتلىك مېۋىسى بولمىغاچقا، تېخى ئۇنىڭغا تۇرالغۇ (بىناكارلىق) مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش سايائەتلىرى شەكىللەنمىگەن.

ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىۋىلىزاتسىيە (Civilization) دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. دەرۋەقە، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى «مەدىنە» (شەھەر) سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «شەھەرلىشىش»، «تۇرالغۇ جاي» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، «سىۋىلىزاتسىيە» ياكى لاتىن تىلىدىكى «كۇلتۇر» (Cultore) ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تۇرالغۇ ئۆينى تۈپ بەلگە قىلغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئىنسان توپلىرى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى تۇراقسىز ۋە سىستېمىسىز قونالغۇلارنى ماكان قىلىپ ياشاشتىن بوگۇنكى ئېلېكتىرلەشكەن ۋە قېلىپلاشقان سەنئەتلىك زامانىۋى تۇرالغۇ ئۆيگە ئىگە بولغۇچە نەچچە ئون مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم.

ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، گۈزەللىك قاراشلىرى، دىنىي قاراشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبتىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلمىلىرى شەكىللەنگەن ۋە ئۇلارغا شۇ خەلقلەرنىڭ ھاياتلىق مۇساپىلىرىدىكى ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى، دىنىي قاراشلىرى، تەبىئەت ۋە قىممەت قاراشلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

دېمەك، مەدەنىيەت مۇھىتىنى ھازىرلىغان تۇرالغۇ ئۆي كىشىلەرنىڭ خاس ئىسسىنىش، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن پاناھلىنىش ئۈچۈنلا بەرپا بولغان نوقۇل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس نۇرغۇنلىغان ماددىي ۋە مەنىۋى فۇنكسىيەلەرگە ئىگە بولغان مەدەنىيەت پىرامىداسىدۇر. بىز بۇنىڭدىن بىناكارلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى فۇنكسىيەسى ھەققىدە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: بىناكارلىق ئوبيېكتى تۇرالغۇ ئۆي بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن شۇ

خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنىۋى ئارخىتېكتورلۇق بىلىملىرى ئاساسىدا مەلۇم قائىدە- يوسۇنلارنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ئوخشاش بولمىغان مۇھىتنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە شەكىلدە قوپۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياج تۈپەيلى ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى يەنە ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان بىر پۈتۈن قۇرۇلۇش گەۋدىسىدۇر. بۇنىڭغا يەنە شۇ خەلقنىڭ ھەرخىل گۈزەللىك چۈشەنچىسى، دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى، ئالەم ۋە تەبىئەت چۈشەنچىلىرى، مىللىي سەنئەت ماھارەتلىرى كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ. تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىنېرتسىيەسى نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن بارلىققا كەلگەن ئائىلە مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنى ئائىلە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تۇرغان مەنىۋى تۈۋرۈكىدىن ئايرىپ نوقۇل توپا- كېسەكلەر قۇرۇلمىسى دېيىش ياكى ئۇنىڭ ئەسلىي گەۋدىسى ۋە ماددىي ئاساسى بولغان بىناكارلىق- ئارخىتېكتورلۇق ئالاھىدىلىكىدىن چەتنەپ، ئۇنىڭ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتى، دىنىي ئىپادىلىنىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي فورماتسىيەسىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىش ئوخشاشلا مەسىلىنى غەيرىي ئىلمىي ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئانتروپولوگىيە ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئاپىرىدە بولغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ھازىرغىچە تېپىلغان بەزى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن قىياس قىلالىساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرلەمچى مەدەنىيەت سۈپىتىدىكى باشلىنىش نۇقتىسىنى مۇئەييەن يىلنامە بىلەن ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمەيمىز. پەقەت ئانتروپولوگىيە ئىلمىدە قەيت قىلىنغان ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تارىخىي مۇساپىسىگە ئاساسلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنىمۇ مۇنداق ئۈچ چوڭ تارىخىي باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، دەپ قارايمىز:

1- باسقۇچ: تېخى مەدەنىيەت ئامىللىرى قوشۇلمىغان تەبىئىي پاناھلىنىش دەۋرى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان «ۋارۋارلىق دەۋرى» (ياۋايىلىق دەۋرى)نى بەلگە قىلغان بولۇپ،

بۇ دەۋردىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش تەلپىي ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆزلۈك ئېڭىدىن مۇستەسنا ھالدا، تەبىئىي ئاپەت ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خەۋپ- خەتىرىدىن مۇداپىئەلىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ دەل- دەرەخلەرنىڭ ئۈستىنى ياكى تاغ- ئېدىر قاپتاللىرىدىكى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەرنى ماكان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق «ئۆڭكۈر» ھاياتلىق باسقۇچى ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىكى «كونا تاش قوراللار دەۋرى» نى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ باسقۇچ تېخى لوگىكىلىق قۇرۇلمىغا كىرمىگەن ئىپتىدائىي كوللېكتىپ ئاڭنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغاچقا، ئۆزلۈك چۈشەنچىسىدىكى تۇرالغۇ ئۆيىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

2- باسقۇچ: بىرىنچى باسقۇچنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ئىنسانلارنىڭ جەمەتلىشىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاددىي ئەمگەك ئىختىراسىدىن بارلىققا كەلگەن چېدىر شەكلىدىكى تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز «كەپە» ئۆيلەر باسقۇچى. بۇ باسقۇچتىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ماھىيەت جەھەتتىن شەخس، جەمەت ۋە ئۇرۇقداشلىقنىڭ تەلپىگە ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىن ئۆزىدە تېخى سەنئەت ئامىلىنى ھازىرلىمىغانىدى. ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچلىرىغا كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزلۈك ئېڭى بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساسىي تۇرمۇش مەنبەسى قىلغان ئىنسانلار سۇ، ئوت قوغلىشىپ ياشاشقا مۇۋاپىق جايلاردا ماكانلىششقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئەسلىدىكى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر ۋە دەرەخ ئاچىماقلىرىدا پاناھلىنىش ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. چۈنكى، بۇنداق مۇقىمسىز تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر سان ۋە كۆلەم جەھەتتىن كۆنسېرى ئاۋۇۋاتقان نوپۇسنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالماسلىقى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى ئوزۇق-تۈلۈك مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ماسلاشقان كۆچمەنچىلىك ھايات ئېھتىياجى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى

چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن يۆتكەشكە ئەپلىك بولغان ئاددىي چېدىر ئۆيلەر، شاخ - شۇمبىلار ۋە تاشلاردىن ياسالغان ساتما ئۆيلەر بارلىققا كېلىپ، ئىپتىدائىي مەھەللە - كويلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس يارىتىلغان. لېكىن، قول ئەمگىكىدىن بىنا بولغان بۇ دەسلەپكى «ئۆي»لەر قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭدا تېخى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلىپىدىن تۇغۇلغان گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ئىپادىلەنمىگەن، قارىمۇقارشى جىنسلىقلارنىڭ ئايرىمخانىلىرى، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قوتانلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ قونالغۇلىرى ئايرىلمىغان. مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە تۆمۈر تاۋلاشنى ئۆزەك قىلغان بىرونىزا قوراللارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتىغا يېڭى بىر ئېرا ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىچە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ھۈنەر - سەنئەت گۈرۈھى مەيدانغا كېلىپ ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ، جۈملىدىن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ مەدەنىيەت باسقۇچىغا كىرىشىگە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى.

3 - باسقۇچ: مەلۇم گېئومېترىيەلىك شەكىلگە كىرگەن توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىرىكمە ئۆيلەر بارلىققا كەلگەن دەۋر. تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچىغا كەلگەندە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئۇلتۇراقلىشىش مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشى ئۇلتۇراقلىشىش مۇھىتىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىغان.

بىناكارلىق بىر خىل ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت سۈپىتىدە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى، شەھەر - بازار بىناكارلىقى، قەلئە - قورغان بىناكارلىقى، دىنىي مۇئەسسەسەلەر بىناكارلىقى، ئاممىۋى سورۇن بىناكارلىقى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. بۇ باسقۇچ ۋاقىت جەھەتتىن ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن تەركىبلەنگەن بولۇپ، بىناكارلىق تارىخىدا بۇ دەۋرنىڭ ۋاقىت كەسمىسى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، بەزى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا بىناكارلىق مەدەنىيەت تېپىغا مەنسۇپ ھەرخىل تۈردىكى تۇرالغۇلار ئېھتىمال يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ

دەسلەپكى باسقۇچىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچىنى (3- باسقۇچ) خاراكتېرلەيدىغان بەلگىلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى مەزگىلى بولغان مەدەنىيلىك (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي- ئىقتىسادىي فورماتسىيەسىگە ماس ھالدا ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقنى مەركەز قىلغان بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى مونوگام ئائىلە بىرلىكى بارلىققا كەلدى، نەتىجىدە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى كونتروللۇقىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ دىيالوگى باشلاندى. بۇ دىيالوگ كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە قىممەت قارىشىدا سەكرەش ھاسىل قىلىپ، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تەرەققىيات رىقابىتىگە ئاساس سالدى.

2. ھەرقايسى رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە شۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئىگىلىك شەكلى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىغا ماس بولغان كۆپ خىل شەكىللىك ئۆي قۇرۇلمىسى بارلىققا كېلىپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مىللىي ئۇسلۇب شەكىللىنىشكە باشلىدى.

3. ئەڭ دەسلەپكى تۇرالغۇلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى ياتاق ئۆي بىلەن ئاشخانا بىر بولۇش، ئادەملەرنىڭ قونالغۇسى بىلەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قونالغۇ جايى (ئېغىل، قوتان) بىر بولۇش، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئايرىمخانىسى بولماسلىق (توپ يېتىش)، جۈملىدىن ئۆي قۇرۇلمىسىدا مەخسۇس ئوت يېقىش ئەسلىھەلىرى (ئوچاق، مەش قاتارلىقلار)، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە يورۇقلۇق ئەسلىھەلىرى (تۈڭلۈك، پەنجىرە، دېرىزە قاتارلىقلار) يوق بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، ئايۋان- سارايلىق، ھويلا- ئارانلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلمىسى روياپقا چىقتى (كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر توپى بۇنىڭ سىرتىدا).

4. ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئېڭى يېتىلىپ، ئىلگىرىكى پاناھلىنىشنىلا مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان تارقاق، پىنھان تۇرالغۇ ئادىتىگە

خاتىمە بېرىلىپ، ئۇرۇق - جەمەتىنى بىرلىك قىلغان ئاھالىلەر توپى — يۇرت - مەھەللىلەر، شەھەر - بازارلار بارلىققا كەلدى. ئولتۇراقلىشىش ئادىتى جەھەتتىكى بۇ يېڭى سەكرەش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يېڭىچە قوشنىدارچىلىق فۇنكسىيەسىنى شەكىللەندۇردى.

5. ئەڭ دەسلەپكى تۇرالغۇلار پەقەت كىشىلەرنىڭ بىرلەمچى تەلىپىگە ماس ھالدا ئومۇمەن تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن قوغدىنىشنىلا نىشانلىغان بولۇپ، تېخى ئۆيلەرنىڭ كۆركەم، گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئىككىلەمچى تەلەپ شەرت قىلىنمىغانىدى. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، كىشىلەردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلاردا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىكىنى تەلەپ قىلىدىغان ئېستېتىك ئىقتىدار بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىنى سۇۋاش، ئاقلاش ۋە خىلمۇخىل شەكىللەردە نەقىش ئويۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش بېزەكچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

6. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە بىناكارلىق ئەمگەك ئىش تەقسىماتى شەكىللىنىپ، تامچىلىق، ياغاچچىلىق، نەققاشلىق قاتارلىق مەخسۇسلاشقان ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرى بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى ۋە تەدرىجىي سىستېمىلاشقان ئارخىتېكتورا ئىلمى ۋۇجۇدقا كېلىپ، قۇرۇلۇش بىناكارلىق ساھەسى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەلىك ئاپپاراتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بىناكارلىق ساھەسى نوقۇل تۇرالغۇ ئۆي دائىرىسىدىن كېڭىيىپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ مۇھىم گەۋدىسىگە ئايلاندى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىدىكى ئۈچ تارىخىي باسقۇچ ۋاقىت جەھەتتىكى ئىلگىرى - كېيىنلىكىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بىر خىل تەبىئىي ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. بۇ ھال تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك، قويۇق مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە بولغان بىناكارلىق بىر خىل پەن - تېخنىكا بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئالاھىدە بولغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «بىناكار» دېگەن بۇ ئاتالغۇ لاتىن تىلىدىكى «ئارخىتېكتور» (Architechure) مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خاس ئاتالغۇغا «لىق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق ھەم شۇ خىل ئىش تۈرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇستىكارنى (قۇرۇلۇش ئۇستىسى، ئۆي ياسىغۇچى، تامچى، ياغاچچى، بىنا قىلغۇچى)، ھەم شۇ پەننىڭ نامىنى (بىناكارلىق ئىلمى، قۇرۇلۇش ئىلمى — (建筑学) بىلدۈرىدۇ. بىزنىڭ ئىستېمالىمىزدىكى بىناكارلىق ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، پەن تۈرى سۈپىتىدە بىناكارلىق مەدەنىيىتى، بىناكارلىق سەنئىتى ۋە بىناكارلىق تېخنىكىسى دەپ ئۈچ چوڭ تارماق پەنگە بۆلۈنىدۇ.

«مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بىناكارلىق مەدەنىيىتى ماكرو جەھەتتىن ئىنسانىيەت تارىخي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى سۈپىتىدە بىر خىل قېلىپلاشقان، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان تۇرمۇش ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلار تەسىرىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاچقا، ھەرقايسى جاينىڭ ئۆزىگە خاس بىناكارلىق تىلى ۋە ئۇسلۇبى بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇقتىدىن بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى جەمئىيەت ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ بىناكارلىقتىكى ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

«بىناكارلىق مەدەنىيىتى» كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش- تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى كۆندىلىك پائالىيەتلىرىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىختىرالىرىنى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ياشاش پەلسەپىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كەڭ ئىجتىمائىي دائىرىگە ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئىچكى سۇبستانسىيە جەھەتتىن «بىناكارلىق سەنئىتى» ۋە «بىناكارلىق تېخنىكىسى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىناكارلىق سەنئىتى ھەم ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىگە، ھەم ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولغان بىر خىل سەنئەت ھەم تېخنىكا. بۇ

يەردىكى «سەنئەت» بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان تېخنىكىلىق ھۈنەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىمارەتنىڭ شەكلى، بوشلۇقتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ شەكلى ۋە پاسونى، ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، ئىمارەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى بېزەكچىلىكى، بوياق ئامىللىرى قاتارلىقلارنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئىمارەتنىڭ ئىستېمال قىممىتى بىلەن ئېستېتىك قىممەتنىڭ بىردەك بولۇشىنى نىشانلىغان تارماق پەن تۈرىدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىناكارلىق سەنئىتى ئوبراز سەنئىتى، كۆرۈش سېزىم سەنئىتى ۋە مۇھىت سەنئىتى بولۇپ، ئىستېرېئولۇق خاسلىققا ئىگە. بۇ جەھەتتىن بىناكارلىق سەنئىتى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، پەيلاسوپلار ۋە سەنئەتكارلار «بىناكارلىق — قاتما مۇزىكا» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەنئەت ئامىلى سىڭگەن ئىمارەت ۋە مۇزىكىدىكى رىتىم، ۋەزىن ئامىللىرى تۇيغۇ جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇ پەقەت ئوبرازىي ئوخشاشلىق بولۇپ، بۇ ئىككى سەنئەت تۈرى ماتېرىيال، خاراكتېر، ۋەزىپە قاتارلىق جەھەتلەردىن يەنىلا پەرقلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىستېمال تەلىپى كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق ماددىي مەدەنىيەت كۆزنەكلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىگە قارىتا كىشىلەردە يېڭىچە تەلەپ ۋە ئېھتىياج تۇغۇلدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆي - ئىمارەتنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىدىن كۆرە، ئۇنىڭ گۈزەللىك (ئېستېتىك) قىممىتىگە كۆپرەك دىققەت قىلىش تۇيغۇسى جانلاندى. بۇ يېڭى ئېھتىياج پەقەت بىناكارلىق سەنئىتى ئارقىلىقلا قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. دېمەك، قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ ئېستېتىكىلىق پرىنسىپى — پايدىلىنىش (ئىستېمال قىممىتى) فۇنكسىيەسىنى يادرو قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ گۈزەللىك فۇنكسىيەسىگىمۇ يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراش ۋە بۇ ئىككى قىممەتنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى شەرت قىلىش دېمەكتۇر.

بىناكارلىق تېخنىكىسى (建筑工程—constructiun) ئۆي- ئىمارەتلەرنى لايىھەلەشتىن تارتىپ سېلىنىپ بولغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق

تېخنىكىلىق ئىش تۈرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قۇرۇلۇشنى لايىھەلەشتە نۇرغۇن ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى، ئۇنىڭغا كېتەرلىك مەبلەغنىڭ تېجەشلىك ۋە مۇۋاپىق بولۇشى، سىرتقى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىلىرىنىڭ كۆركەملىكى، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي خاسلىقى، چىدامچانلىقى دېگەندەك ماس قاتارلىق شەرتلەرنى قاندۇرۇش تېخنىكىلىق تەلىپى تولىمۇ ئىنچىكە خىزمەت جەريانى بولۇپ، بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، بىناكارلىق تېخنىكىسى مۇئەييەن بىر قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەلىنىشىدىن تارتىپ پۈتۈپ چىقىشىغا قەدەر بولغان پۈتكۈل تېخنىكىلىق ئەمگەك جەريانلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ خىزمەت تۈرى سۈپىتىدە بارغانچە تاكامۇللاشقان ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنى جىپسىلاشتۇرغان ئەڭ مۇكەممەل يەنە تۈرگە ئايلانغان. ئانتروپولوگلار ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئۆينى بىر «كىچىكلىتىلگەن دۇنيا» غا ئوخشىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، دۇنيانىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەم تەبىئەتلەشكەن، ھەم ئادىمىيلەشكەن ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلمىسىمۇ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆزنەك بولۇپ قالىدۇ.

بۇ كۆزنەك ئىنسان ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا پاناھگاھ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرقايسى ئىقلىمنىڭ جۇغراپىيەلىك پەرقى، تەبىئىي شەرت - شارائىتلىرى، شۇ رايون - زونىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ياشاش تەرزى، دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى، مىللىي ئەخلاق ساپائەتلىرى، گۈزەللىك پارىغەتلىرى...... قىسقىسى، ھاياتلىقنىڭ جىمىكى بالاغەتلىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى «بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئەتكەن»گە ئوخشاش، كونكرېت بىر تۇرالغۇ ئۆيگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەشكەن. مېنىڭچە، بۇ ھالەتنى ماكان تۇتقان ھەرقانداق كىشى ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر ئەزمىلىك بىلەن بۇ مەۋھۇم ئۇقۇملارنى شەرھلەشكە توغرا كەلسە

«قەدىمكى غەربىي يۇرت شەھەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى جانلىق تاشقاتما»[1] دەپ سۈپەتلەنگەن سېھىرلىك شەھەر — قەشقەر ھەققىدە پىروفېسسور، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «قەشقەر، ئەي تەۋەررۈك شەھەر» ناملىق سەترلىرى ئىچىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى ئەسكە ئېلىش كۇپايە:

«قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش ئۆتمۈش قىسمەتلىرى قاچىلانغان تۆت چاسا پىلاستىنكا، ئۇنى ئىماندىن پۇتكەن قۇلاق بولمىسا، ھېچكىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ...... قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش بىر يۈرەكتۇركى، بىر - بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ زور بىر قەسرنى بەرپا قىلىشقىنىدا، تۇتاش ھالدا سوقۇپ تۇرىدۇ......»، «ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىسى غۇرۇر ۋە ئىپپەتنىڭ سىمۋولى، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ھەرقانداق نەرسىسى ئۇنىڭ رۇخسىتىدىن مۇستەسنا ھالدا يات كۆزلەرنىڭ نەزەرىگە چۈشمەسلىكى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بوسۇغا ئىچىدىكى ئىشلار بىلەن بوسۇغا سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ چەك - چېگراسى كەسكىن ئايرىلىدۇ. بوسۇغا ئۆينىڭ غوجايىنى بولغان ئەركەكنىڭ قەدىر - قىممىتىدىن دېرەك بېرىدىغان نىشان. ئەركەكلەر سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھامان بوسۇغا يات ئادەملەرنىڭ قەدىمىگە نىسبەتەن بىر ئېھتىيات سىزىقىدۇر. ئىچىدىن زەنجىرلەنگەن ئىشىكنىڭ كەينىدىكى گۈللۈك ھويلا ۋە خىلۋەتخانىلار، خىلۋەتخانىلاردىكى خانىملار ۋە قىزلار ئەرلىك غۇرۇرنىڭ بىغۇبار سەلتەنىتى سۈپىتىدە ئاۋايلاپ ساقلىنىدۇ. باكىرە قىزلارغا جۈپتى ھالال بولۇشنى ئىستىگەن يىگىت ئاتا - ئانىسىنىڭ قولى بىلەن بۇ جەزىبىلىك گۈلدار ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى شاراقلاتسا بولىدۇ. قوش قاناتلىق ئىشىك ئېچىلغاندىمۇ، ئىشىكنىڭ ئىچى تەرىپىگە تارتىلغان پەردە ھويلىنىڭ خاسلىقىنى توسۇپ تۇرىدۇ. ئىشىكنى چەككۈچى پەقەت ئىشىكنى رازىمەنلىك بىلەن ئاچقۇچى ساھىبخانا بىلەن

[1] جۇڭگو قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىنىڭ باش ئىنژېنېرى جىن دېجۇننىڭ قەشقەر كوناشەھەر ئاھالىلەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.

دىدارلاشسا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىپپىتى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇۋېرىدۇ.»[1]
ئاپتورنىڭ سىزغىنى پەقەت قەشقەر ئۇيغۇرلىرىغا خاس تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تاشقى سۈرىتىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ خىل قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرى ۋە ئادەمىيلىك قاراشلىرى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ئەلۋەتتە.

تۇڭگانلارنىڭ كاتتا يازغۇچىسى جاڭ جىڭجى ئەپەندى يۇقىرىدا ئابدۇقادىر جالالىدىن تەسۋىرلىگەن بىر ھويلا ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ھويلا مەن ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك، بۇ ھويلىدا بەلكىم ھېچقانچە مال - مۈلۈك يوقتۇر، ئەمما ئۇنىڭدا ئېتىقاد، غۇرۇر، كۆي ۋە ھۆسن بار. مۇشۇ بىرقانچە خىل بايلىقتىن كېلىپ چىققان قەشقەر سېھرى مۇشۇ ئاددىي ھويلىدا نامايان ئىدى.»[2] مانا بۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى ئۆي- ئىمارەتلەرنىڭ مەنىۋى قىممىتى. كونكرېتراق ئېيتقاندا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ھويلا - ئارانلىق ئىمارەتلەرنىڭ قويىندا چاقنىغان روھىيەت تىنىدۇرمىسى. ئۇنىڭدا ھەم ئۆزلۈك غۇرۇرنىڭ، ھەم كىملىك ئەقىدىسىنىڭ نۇرى پارلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ تەتقىقاتىمىزدا قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ تاللىدۇق. چۈنكى، مەيلى تارىخىي قىممىتى ياكى مەدەنىيەت ئىقتىدارى جەھەتتىن قارىغاندا، قەشقەر بىناكارلىقى پۈتكۈل ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىدا ۋەكىللىك سالاھىيەتكە ئىگە. مۇشۇ مەقسەتتە نىشانلانغان بۇ ئەسەر ئىككى چوڭ بۆلۈمدىن تەركىبلەنگەن.

بىرىنچى بۆلۈمدە، قەشقەرنى نۇقتا قىلغان ھالدا ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈمدە، قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا قەشقەرنىڭ بىناكارلىق

---

①② ئابدۇقادىر جالالىدىن: «قەشقەر، ئەي تەۋەررۈك شەھەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2009 - يىللىق 5 - سان، 19 - ، 23 - بەتلەر.

ساھەسىدىكى مەشھۇر تۆھپىكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلۈمدە، قەشقەر شەھىرى كوناشەھەر رايونى (شەھەر ئىچى) دىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش - ئىسلاھ قىلىش جەريانى ھەمدە گۈزەل قەشقەر قۇرۇپ چىقىش ھەققىدىكى مۇئەللىپنىڭ تەسرات ۋە تەسەۋۋۇرلىرى بايان قىلىنىدۇ.

# I باب قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى

## 1. ئومۇمىي بايان

بىز كىتابىمىزنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى، تۇرالغۇ ئۆي ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت سۇبستانسىيەسىنىڭ ئىچكى - تاشقى فۇنكسىيەسى قاتارلىق نەزەرىيەۋى ئۇقۇملارنى تېز سىزما سۈرەت تەرىقىسىدە ئىزاھلاپ ئۆتتۇق. نۆۋەتتە دۇنيانىڭ كىچىك بىر توچكىسى بولغان قەدىمىي شەھەر — قەشقەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىمىز.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ: «يىپەك يولى» بويىدىكى «نۇرلۇق مەرۋايىت»، شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە تۇتاشتۇرىدىغان «ئالتۇن كۆۋرۈك» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان.

دەرۋەقە، قەشقەر — پارلاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى شەھەر، ئۇنىڭ يازما خاتىرىلەرگە ئېلىنغان تارىخىلا 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى خەن سۇلالىسى قۇرىغار① (ھازىرقى شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ) رايونىدا «غەربىي يۇرت

① «قۇرىغار» دېگەن سۆز جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم بولۇپ، تار مەنىدىن ئېيتقاندا پەقەت تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىلىقى، يەنى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربى (ھازىرقى ئوتتۇرا

تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىشى بىلەن تەڭ قەشقەر رايونى رەسمىي ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

خەنزۇچە قەدىمكى تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، چىن[1]، خەن[2] سۇلالىلىرى دەۋرىدە تەڭرىتاغ، پامىر، كۇئىنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تارىم ئويمانلىقىدىلا 36 بەگلىك، كېيىنچە 54 بەگلىك دەپ ئاتالغان چوڭ - كىچىك شەھەر بەگلىكلىرى ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلې (疏勒) ياكى سىۋالىيۇ[3] (ھازىرقى قەشقەر)، شاھ كەنت (莎车 — ساكارائۇل. ھازىرقى يەكەن)، كىنگىت (ئاگنى $$ ھازىرقى قاراشەھەر)، كۇسەن ($$ ھازىرقى كۇچا)، ئۇدۇن ($$ ھازىرقى خوتەن)

---

ئاسىيا رايونى)، پامىر، كۇئىنلۇن تېغىنىڭ سىرتىدىكى ئىران، يېقىن شەرق (ئەرەب دۆلەتلىرى)، غەربىي ئاسىيادىكى كاۋكاز تاغلىرى، كاسپىي دېڭىز ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلار، جەنۇبىدا بولسا ھازىرقى پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق كەڭ تېررىتورىيەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (مىلادىيە 732- يىلى يىكلىنخىن)، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (720 - يىلى تىكلەنگەن) قاتارلىق يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەر - جاي نامىدۇر. مەنىسى «قاتار كەتكەن شەھەرلەر» دېگەنلىكتۇر.

«قۇر» قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «قاتار، رەت - رەت» دېگەن مەنىگە ئىگە. «غار» ساك تىلىدا «رايون»، «شەھەر» دېگەن مەنىگە ئىگە.

① چىن — تۇنجى قېتىم جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 238 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

② خەن — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە، 426 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالە نامى. بۇ سۇلالە غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 25 - يىلىغىچە) ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 25 - يىلىدىن 22 - يىلىغىچە) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

③ سىۋالىيۇ — ساك تىلى بولۇپ، «شەرق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى سۇلې (疏勒) دېگەن سۆز ئەسلىدە سىۋالىيۇ دېگەن نامنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ نوپۇسى كۆپرەك، تەسىرىمۇ چوڭراق بولۇپ، بەگلىك ئوردىلىرى ۋە قەلئە - سېپىللىرى بولغان. ئاھالىلىرىمۇ تېرىقچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان. «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى، قۇرىغار تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر بەگلىكلىرى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ خېلى يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆمۈردىن ياسىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەربىي قوراللىرى ناھايىتى داڭلىق ئىدى.

دەرۋەقە، شەھەر بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولغاچقا، ئۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشىمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىكى شەھەر ئۇقۇمى مۇئەييەن بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان، ئىستېمال قىممىتى يارىتالايدىغان، ئوردا - ساراي، قەلئە - قورغان، ئېشىنچا مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بازىرى ھەممىدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر رايونى قاتارلىق مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولغان ئولتۇراق جاي مەركىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولغان شەھەرلەرنى يۇقىرىقى تەبىر بويىچە كۆزەتكەندە، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە مەۋجۇت بولغان غەربىي رايوندىكى شەھەر بەگلىكلىرى ئىپتىدائىي شەھەرلەر تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان زامانىۋى شەھەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق ئالدى بىلەن شەھەر ئۇقۇمىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەرقايسى مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىدە كۆرۈلىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، شەھەرگە خاس بىناكارلىق گەۋدىسىنىڭ دەرىجە پەرقىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەيلى قايسى دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «دەسلەپكى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى دانلىق زىرائەت تېرىقچىلىقىنى ئاساس قىلغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىن ئىبارەت. شەھەر دۆلەت ھاكىمىيىتىنى روياپقا چىقارغان مەرىپەت (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرى يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

ۋاھالەنكى، مېتال قوراللار، يېزىق، دىنىي مۇراسىم خاراكتېرىدىكى ئىمارەت قاتارلىق كونكرېت ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى دەلىللەيدىغان ئارخېئولوگىيەلىك ئاساس بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى شەھەرنىڭ مەزمۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ.»[1]

دېمەك، شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن دۆلەتچىلىك ئامىلىنىڭ پەيدا بولۇشى مەنە جەھەتتىن زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەھەر مەرىپەت دەۋرىگە خاس بولغان دۆلەتنىڭ ماددىيلاشقان شەكلىدۇر. بۇ شەكىل دەل ئىنسانلار ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان شەھەر بىناكارلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئانتروپولوگلار ۋە ئارخىتېكتورلارنىڭ تەكشۈرۈش - تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى شەھەر دۆلەتلىرى ئەڭ بۇرۇن ئېگېي دېڭىزى بويىدىكى گىرېتسىيە (قەدىمكى يۇنانىستان) ئارىلىدا پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. بۇ دەۋر يۇنان تارىخىدىكى ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن ۋە شەھەرلەشكەن دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇدرەت تاپقان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ، 4 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ تىرويا[2] شەھىرىنى ئىستېلا قىلىش يۈرۈشى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن.

① شۆخۇڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1997 - يىللىق 1 - ، 2 - قوشما سان، 185 - ، 186 - بەتلەر.

② تىرويا — كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىدىكى خېللېس پونت بوغۇزىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغا جايلاشقان، ئۇ ئەينى زامانلاردا دۇنيادىكى مۇھىم دېڭىز قاتنىشى تۈگۈنى ۋە باي، ئاۋات شەھەر ئىدى. يۇنانلىقلار قوزغىغان تىرويا ئۇرۇشى 10 يىل داۋام قىلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا تىرويا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1184 - يىلى ئېلىنغانمىش.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تارىم بوستانلىقلىرى دۇنيا ئارخېئولوگىيەسىنىڭ جەلپكار كۆزنىكىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 150 دىن ئارتۇق چەت ئەللىك (مۇتلەق كۆپچىلىكى ياۋروپالىق) ئارخېئولوگلار ۋە ئانتروپولوگلار بۇ رايوندا ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، «قەدىمكى يىپەك يولى» نىڭ غەربىي جەنۇبىي لىنىيەسىدىكى سانسىزلىغان شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ خارابىسىنى تاپتى. ئارخېئولوگىيەلىك دەلىللەش ئارقىلىق تەكلىماكاندىكى قۇم دېڭىزىنىڭ «يېمى» گە ئايلىنىپ كەتكەن تارىم ۋادىسىدىكى بۇ شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى قەدىمكى ئودېسسا ۋە تىرويا[1] قاتارلىق يۇنان شەھەر ـ قەلئەلىرىدىنمۇ بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. چۈنكى، دۇنيادا دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا قۇرۇقلۇق «يىپەك يولى» نىڭ روياپقا چىقىشى مەنتىقە جەھەتتىن بۇ پەرەزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا»، «دەقيانۇس شەھرى» نىڭ 4000 يىلدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلىك مەلۇماتلار تارقىلىپ يۈرمەكتە...... ھېرودوت (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 485 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 425 ـ يىللاردا ياشىغان) «تارىخ» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا توزان تۇزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر ئەللىرى توغرىسىدا سۇرۇشتۇرۇپ ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چەككە ئىسكەندەر» دەپ ئاتالغان قورغاندىن شەرقتە، خېلى يىراقتا، «تەخركىيانوس» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ شەھەر بارمىش، خەلقى كۆپ، بازار ـ رەستىلىرى ئاۋاتمىش[1].» ھېرودوت تىلغا ئالغان «تەخركىيانوس»

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشرى، 112 ـ ، 114 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىكى «دەقيانۇس» شەھىرى بولۇپ، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى تۇرپاندىكى قەدىمكى شەھەر ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ پەرىزىمىزچە بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى بېكىتىش قىيىن بولۇپ، ئۇ يەنىلا تەكلىماكان قۇملۇقىدا ۋەيران بولغان سانسىزلىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

تارىم بوستانلىقىدا يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇرغان قەدىمكى شەھەرلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان قەشقەر شەھىرى جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° 56′ ~ 76° 04′، شىمالىي كەڭلىك 39° 25′~39° 52′ مېرىدىيان ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە، پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1289.5 مېتىر بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى تىپىك قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ.

قەشقەر رايونى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك مۇھىت بۇ رايوندا ياشىغان كىشىلەر توپىنىڭ پىسخىكىلىق مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، قەشقەرچە ئادەمىيەتلىك (人文) خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. تاغلىق، بوستانلىق ۋە قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ بۆلۈك شەكىللىك ئاجايىپ بىرىكىش ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتنىڭ جانلىق نامايەندىسى سۈپىتىدە، بۇ رايوندا ياشىغۇچى چاڭقاق ۋە قۇرغاق تەبىئەتلىك خەلقلەرنى شېئىرىي ئۇيقۇغا باي، ھۈنەر - سەنئەتكە ھېرىسمەن، گۈزەللىك ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىققا تەلپۈنىدىغان، شىجائەتلىك، ئەمما سەۋر - قانائەتچان پىسخىكىلىق تىندۇرمىغا ئىگە قىلغان.

دېمەك، قەشقەرنىڭ قۇرغاق رايون تەبىئىتى بۇ يەردە

ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ روھىي ئىلھامىغا غىدىقلىغۇچى كۈچ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سېھىرلىك، جەلپكار زېمىندا ئىناق ۋە ئېجىل ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت قوۋملىرى شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىچە مەدەنىيەت يادنامىلىرىنى ئىختىرا قىلىپ، دۇنيادا «قەشقەر ھېرىسمەنلىكى»نى قوزغىغان. ئەنە شۇ ئۆزگىچە مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يارقىن نامايەندىسى — بىناكارلىق سەنئىتىدۇر. چۈنكى، شەھەر - قەلئە پەقەت ئۆي - ئىمارەتتى بىلەنلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ.

ياش پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشر قىلغان) ناملىق ئەسىرىدە «كاشغەر» (جانلىق تىلدا قەشقەر) ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن. بىزمۇ بۇ ئىلمىي ئۇچۇرلارغا مايىل بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تەكرار مەلۇمات بولۇپ قالمىسۇن، دېگەن خالىس نىيەت بىلەن غەيرەتجاننىڭ تەتقىقاتىدىكى بۇ مۇناسىۋەتلىك سەھىپىلەرنى نەقىل سۈپىتىدە تەكرارلاشنى زۆرۈر تاپتۇق.

«قەدىمكى كاشغەر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ كونكرېت ئورنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېنىقلانغىنى يوق، بۇ توغرۇلۇق مۇنداق قاراشلار بار:

بىرىنچى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدىكى «خانئۆي» قەدىمكى شەھىرى.

ئىككىنچى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمال تېغىنىڭ جەنۇبى، چاقماق دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان تۇقۇرۇك جىلغىسىدىكى «ئافراسىياپ شەھىرى» خارابىسى.

ئۈچىنچى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى پايناپ دېگەن جايدا خارابىسى بولغان «ئەسكىھىسار» شەھىرى.

تۆتىنچى، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونى. بەنى

تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي تۆپىلىكىدىكى «ئوردا ئالدى» ئەتراپلىرى (بۇ قاراش ئاپتور تەرىپىدىن قىستۇرۇلدى).

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ دائىرە ئىچىدە كاشغەر بوستانلىقىنىڭ بىر مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. بۇ شەھەر تارىخىي ماتېرىياللاردا بىرمۇنچە ناملار بىلەن ئاتالغان:

بىرىنچى، «ئوردو كەنت». مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «...... كاشغەر — ‹ئوردو كەنت›، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ شەھەردە تۇرغان.» (I توم، 447 - بەت). بىزنىڭچە ‹ئوردو كەنت› كاشغەرنىڭ سىمۋوللۇق ئاتىلىشى بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى خانلىقلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى قەدىمكى ئەرەبچە، پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ‹ئوردو كەنت›، ‹ئوردو بالىق› دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى «ئوردو» ئەسلىدە ھۇن تىلى بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدىكى «ئوردا» بىلەن مەنىسى ئوخشاش. «كەنت» (سوغدى - پارس تىلى)، «بالىق» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) شەھەر مەنىسىگە ئىگە.

ئىككىنچى، سۇلې. بۇ ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، يېزىلىش شەكلى «疏勒» (shule)، ئۇنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغان ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 130 — 125 - يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. «سۇلې» نىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا مۇنداق قاراشلار مەۋجۇت:

1) بۇ قەدىمكى تۈركىي تىلى بولۇپ، «سۇلۇق يەر» دېگەن مەنىدە[1].

مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەم سۈپەت، ھەم

---

① جۇلىيەنكون: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقات تىزمىلىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى، 110 - بەت.

ئىسىم ياسىغۇچى «لىك، لىق، لۇق، لۇك» قوشۇمچىلىرى قەدىمكى تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك «لىغ» شەكلىدە قوللىنىلغان. ھازىرقى زامان تۈركچىسى ۋە باشقا بەزى تۈركىي لەھجىلەردە بۇ قوشۇمچە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

2) قەدىمكى «سوغدى» دېگەن قوۋم نامىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش. بەزىلەر بۇ يەردە قەدىمكى چاغدا سوغدىلار ياشىغان بولۇپ، سوغدىلار «سوغلاق»، «سوغداق» دېگەن ئىككى خىل نامدا ئاتالغان. قەدىمكى سوغدى تىلىدا «ل» تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت بولغاچقا، كاشغەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلار شىۋىسىدىكى «سوغلاق» نىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت[①].

3) سۇلې — سانسكرىت تىلىدىكى «Surika» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، بىر شاھزادە بۇ يەردە بارىمتاي بولۇپ تۇرغان ھەم بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىپ ئۇنى «سۇرىكا» دەپ ئاتىغان. مەنىسى «كاشغەر شاھزادىسى»، بەزىلەر «جۇڭگولۇق» دېگەن دەپ قارىغان. «سۇرىكا» دېگەن بۇ سۆز كېيىنچە «سۇلې» غا ئۆزگەرگەن[②].

4) قەدىمكى ساك تىلى «سىۋالىيو» دىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز «شەرق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «سۇلې» ئەنە شۇ «سىۋالىيو» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، دېگەن قاراش[③].

5) خوتەن تىلىدىكى «سېرىق دەريا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان

---

① ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ل» بىلەن «د» نىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئىزدەش، ئىزلەش» دېگەندەك.

② بۇ ھەقتە فىرانسىيەلىك پېللىئوتنىڭ «كاشغەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

③ بۇ قاراشنى تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر ئۆزىنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

«سارىك ـ سارىق ـ ساراگ» سۆزىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش[1].
موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە هازىر «سېلىنگا» دەپ ئاتىلىدىغان دەريا نامى
قەدىمكى هۇن تىلىدا «ساراگ» دەپ ئاتىلىپ، «سېرىق دەريا» مەنىسىنى
بىلدۈرەتتى. شۇڭا، ئۇ خەنزۇ تىلىدا «黄河» دەپ تەرجىمە قىلىناتتى.
گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭغا يېقىن بىر
دەريانىڭ نامى هەم «سۇلې دەرياسى» بولۇپ، ئۇمۇ «سېرىق دەريا»
دېگەن مەنىدە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كاشغەرنىڭ مىلادىيەدىن
ئىلگىرىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «سۇلې» دەپ خاتىرىلىنىشى مەنبە
جەھەتتىن گەنسۇدىكى «سۇلې دەرياسى» نىڭ نامى بىلەن مەنداش
بولۇپ، «سېرىق دەريا» دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە.
6) «سۇلې» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى
هۆججەتلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇليا» (sulya) دېگەن سۆز
تىلغا ئېلىنغان، مەنىسى «سودىگەر» دېگەن بولىدۇ، دېيىش. بۇ
قاراشنى ئەنگلىيەلىك ئالىم بايلىي ئوتتۇرىغا قويغان[2].
ئۈچىنچى، كەشبالىق، «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى
سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا (قەدىمكى
ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 78 ـ ۋاراق 9 ـ قۇر)، كاشغەرنى
«كەشبالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ سۆزدىكى «كەش» ياكى
«كاش» نىڭ مەنىسى هەرخىل چۈشەندۈرۈلىدۇ، بەزىلەر بۇ قەدىمكى
هىندى يازما مەنبەلىرىدە ئۇچرايدىغان هىمالايا تاغلىرىدا
ياشايدىغان «كاشال» دېگەن قەبىلە ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
دېسە؛ يەنە بەزىلەر قەدىمكى ئۇدۇن هۆكۈمرانلىرىدىن ۋىساراسياخا

---

① چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم شۇسوڭ تۈزگەن «غەربىي يۇرت سۇ ئېقىنلار خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي «سېرىق دەرياغا تۇتىشىدۇ، غەربىي پامىر بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن، بۇ چيەن بوچۈەننىڭ قارىشى.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان، خەنزۇچە 62 ـ بەت.

كاشغەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن كاشغەردە «كاسۇنا» («كاشغەرلىك») دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. خوتەن ساك تىلىدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» ياكى «ك» تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن «ق» ياكى «خ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن ساك تىلىدا بۇ سۆز قاشتاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇلاردىن قارىغاندا «كاشغەر» دىكى «كاش» ياكى «كەش» سۆزىمۇ قاشتاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

تۆتىنچى، كاشغەر. بۇ نام ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ترانسكرىپسىيە شەكلى بويىچە خاتىرىگە ئېلىنغان. مەسىلەن، «北史» — «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دا «奇沙» (چىشا)، «فاشۆەن خاتىرىسى» دە «$$» (چيېشا)، «شۇەنزاڭ خاتىرىسى» دە «新唐书» (جياشى) قاتارلىقلار. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە ھۆججەتلەردە بىردەك «كاشغەر» دەپ خاتىرىلەنگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جانلىق تىل تەلەپپۇزى بويىچە «قەشقەر» دېيىلىپ، مەتبۇئاتتا ئومۇملىشىپ كەتكەن.

«كاشغەر» — «كاش + غار» دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىسىم بولۇپ، «كاش» مۇقەررەركى قاشتاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ ئىككىنچى سۆز «شەھەر» دېگەن مەنىدە دېگەن قاراش بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكتە[1]. لېكىن، يەنە بەزىلەر، قەدىمكى ھۇن - ئالتاي تىللىرىدا «غار» (har) «يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا «كاشغار» — قاشتاشلىق يەر ياكى قاش يەر — دەريا قېشىدىكى يەر دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە كۇسەن — تۇخار تىلىدا «كاشغەر» بولۇپ ئۆزگەرگەن[2]، دېگەن يېڭىچە پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا

---

① ئىبراھىم مۇتىئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996 - يىللىق 1 - سان.

② ئىمىن تۇرسۇن: «توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996 - يىللىق 3 - سان.

قويۇشماقتا[①] .»

دېمەك، كاشغەر (قەشقەر) قۇرىغار رايونىدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنلا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش - شەھەرلىشىش قەدىمىنى باسقان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. شۇڭا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە بۇ يەرگە ئەلچىلىككە كەلگەن جاڭ چيەندىن تارتىپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ناھايىتى نۇرغۇن سەيياھلار كاشغەر بوستانلىقىدا ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى شەھەر - قەلئەلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. بولۇپمۇ «خەننامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، بەنگونىڭ «خەننامە - غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى تارىخىغا ئائىت نوپۇزلۇق خاتىرىلەردە بىردەك قەدىمكى كاشغەر بوستانلىقىدىكى «سۇلې خانلىقى» مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ، 2 - ئەسىرلەردىن مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ تارىخىدا خېلى چوڭ ۋە كۈچلۈك خانلىق سۈپىتىدە رول ئوينىغانلىقىنى، مەركىزىي شەھىرى — سۇلېغا قاراشلىق چوڭ شەھەرلەردىن 12 سى، كىچىك قەلئەلەردىن نەچچە ئونى بارلىقىنى، ئاھالىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئاتاقلىق ئېكسپېدىتسىيەچى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن كاشغەر بوستانلىقىدىكى بىرمۇنچە شەھەرلەرنىڭ ئافراسىياپ دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «كاشغەر — ئوردو كەنت دېيىلىدۇ. ئافراسىياپ مۇشۇ يەردە تۇرغان»،

① كاشغەر ھەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلار غەيرەتجان ئوسماننىڭ «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

«بارسخان — ئافراسىياپ ئوغلىنىڭ ئېتى، بارسخان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئويغۇر خانىنىڭ بارسخان ئىسىملىك بىر ئات باقارى بار ئىدى، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ» («دىۋان» III توم، 569 ـ ، 570 ـ بەتلەر).

«بارمان — ئافراسىياپنىڭ ئوغلى سالدۇرغان شەھەر، بۇ شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان» («دىۋان» III توم).

«بارچۇق — ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە بۇختۇنەسسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» («دىۋان» I توم، 608 ـ بەت).

«قاز — ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، قازۋىن شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان» («دىۋان» III توم، 204 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەري «شۇ» قەلئەسى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «شۇ» ناملىق خاقانى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەندىن كېيىن، ئۆز نامى بىلەن «شۇ» شەھەرنى سالدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. («دىۋان» III توم، 568 ـ بەت) يەنە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ III تومى، 204 ـ ، 205 ـ بەتلىرىدە «مەرۋەششاھجان»، «مەرۋ»، «يەنكەنت» (مىس شەھىرى)، «سەمەرقەند» (سېمىز كەنت)، «شاش» (تاشكەنت)، «ئۆزكەنت»، «تۇنكەنت»، «ئىلى» (ila) قاتارلىق شەھەر نامىلىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ.

ئافراسىياپ — ئىرانچە ئىسىم بولۇپ، قەدىمكى تۈركىي قوۋملاردىكى ئالپ ئەرتوڭا نامىلىق شەخسنىڭ ئۆزىدۇر. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىن «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» (مىلادىيە 732 ـ يىلى كۆلتېگىننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن)، «بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» (مىلادىيە 735 ـ يىلى تىكلەنگەن)، پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامە»، ئەبۇلغازى باھادىر خاننىڭ

«شەجەرەئى تەراكىمە»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە ئافراسىياپنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىگە ئائىت نۇرغۇن ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن، ئافراسىياپنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىر ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن تۈركلەر بىلەن ئىرانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش خاتىرىسىنى ئەسلىتىدۇ[1]. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئافراسىياپ دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ تىلغا ئېلىنغان بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىي ئىسمى بىلەن ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بەزىلىرىنىڭ نامى ئۆزگەرگەن ياكى ئىزى يوقالغان. مىلادىيە 1499 - يىلى تۇغۇلۇپ 1551 - يىلى ۋاپات بولغان ئاتاقلىق تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (مىرزا ھەيدەر كۆرەگان) ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدي» (مىلادىيە 1541 - يىلىدىن 1546 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان) ناملىق ئەسىرىدە: «بىلىش كېرەككى، كاشغەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر. قەدىمكى زامانلاردا كاشغەرنىڭ سۇلتانلىرى ئافراسىياپ تۈركنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئافراسىياپنى موغۇل خەلقى بۇقا خان دەپ ئاتايتتى. ئافراسىياپنىڭ نەسەبى شۇكى، ئافراسىياپ بولسا پىشەڭنىڭ ئوغلى، پىشەڭ بولسا دادنىشنىڭ ئوغلى، دادنىش بولسا تۇرنىڭ ئوغلى، تۇر بولسا ئەفرىدۇننىڭ ئوغلى[2]» دەپ يېزىپ كاشغەرىينى ئافراسىياپ بىلەن باغلايدۇ.

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئېپوس ئۆلمەيدۇ. تارىخ ئۆلمەيدۇ — تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسى — «ئالپ ئەرتوڭا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 - يىللىق 2 - سان.

② مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى، II توم، 616 - ، 617 - بەتلەر.

مەيلى قايسى نۇقتىدىن بولمىسۇن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قەشقەر غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى دەرۋازىسى، يىپەك يولىدىكى ئەڭگۈشتەر، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەھەر سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەشقەرنىڭ شەھەرلىشىش ھالىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا قەدىمكى بۇ بوستانلىقتا يەنە نۇرغۇن شەھەر - قەلئەلەر، ئولتۇراق يۇرت - مەھەللىلەر ھەققىدە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، يەكەن ۋادىسىدىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرگە تەۋە ئارشار قەدىمكى مەھەللە خارابىسى؛ ئايبۇلۇڭ قەدىمكى مەھەللە خارابىسى؛ ئاقتىتلىق قەدىمكى مەھەللە خارابىسى؛ تۆۋەنكى كۆيدىگىر مەھەللە خارابىسى ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردىن مىلادىيە 1 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرى خارابىسى (قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى ئەسكىھىسار كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 59000 كىۋادرات مېتىر)؛ خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى (قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۆي كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 1900 كىۋادرات مېتىر)؛ دەقيانۇس شەھىرى خارابىسى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى خاڭدى يېزىسىنىڭ 8 - كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 5000 كىۋادرات مېتىر)؛ يارقورغان قەدىمكى شەھىرى ئىزى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 15 مىڭ كىۋادرات مېتىر)؛ باغچە قەدىمكى شەھىرى ئىزى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىنىڭ كۆكچى كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 90 مىڭ كىۋادرات مېتىر)؛ مانكەنت خارابىسى (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسى سايباغ يېزىسىنىڭ مەنگەن — مانكەنت كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 150 مىڭ كىۋادرات مېتىر، بۇ يەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «مەنكەنت» دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان)، بايخان قەدىمكى شەھەر خارابىسى (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى ھاراپ يېزىسىنىڭ ئاياغ جىلغا كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 250 مىڭ كىۋادرات

مېتىر)؛ چۆلقازاق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى (قاغىلىق ناھىيەسى جاڭگىلئەسكى يېزىسىنىڭ كۆك جىگدە كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 11 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر)؛ توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسى (مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 250 مىڭ كىۋادرات مېتىر) قاتارلىقلار. ئادىل مۇھەممەتنىڭ «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدا قەشقەر تەۋەسىدە ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 392 ئورۇننىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي دەۋرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، بۇ ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار بۇ دىياردا شەھەر مۇھىتىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنلا شەكىللىنىپ، مەلۇم ئەندىزىگە چۈشۈپ بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

دەرۋەقە، قەشقەر بوستانلىقى باغرىدىكى شۇنچە كۆپ مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى مۇكەممەل قۇرۇلمىلىق قەدىمكى شەھەرلەرمۇ بار، خان - پادىشاھلار تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك ئوردا - سارايلارمۇ بار، قوغداش ۋە قوغدىنىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەربىي ئىستىھكام (قەلئە - قورغان، قوۋۇق، تىم - تۇرا......) لارمۇ بار، بۇددىزم دەۋرىگە خاس بولغان ستوپا (بۇددا مۇنارى) ۋە ۋىھارا (راھىبلارنىڭ ئىستىقامەت ئۆيى) دىن تەركىب تاپقان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىمۇ، ئىسلامىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان مەسچىت - مەدرىسە، مازارلارمۇ بار؛ يۇرتلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆتەڭ - راباتلار، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان كۆركەم سەيلىگاھلار ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان جامائەت مۇراسىم سورۇنلىرىمۇ بار. بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە

بولغان. ئاقدالا مەدەنىيەت خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان «يېرىم ئاي شەكىللىك تاش پىچاق، تاش ئورغاق، ئېگەر شەكىللىك تاش يارغۇنچاق، تاش توقماق، تاش ھالقا، تاش ئوقيا بېشى، تاش ئۇرچۇق قاتارلىقلار ھەمدە قۇم ئارىلاش كۈل رەڭ، قوڭغۇر، قىزىل ساپال پارچىلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر دانە تۈۋى يۇملاق بېجىرىم ئاياق، ئىدىش قاچىلارنىڭ پارچىلىرى①» دىن قارىغاندا، قەشقەر ئاقدالا رايونىدىكى ئەجدادلىرىمىز تاش قوراللار دەۋرىدىلا قول ھۈنەر تېخنىكىسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئاھالىلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدىمكى كاشغەر بوستانلىقىدا بۇددىزىم دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان ئىزلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە خانئۆي قەدىمكى شەھىرى بىلەن رىۋايەتلەردە «شەھىرى بەر - بەر» دەپ ئاتىلىدىغان «بارچۇق — توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئالاھىدە مەشھۇر.

خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۆي كەنتىگە جايلاشقان. جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 76° 14′~15′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39° 34′~35′ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 1.9 كىۋادرات كىلومېتىر، تەخمىنەن 40 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. خانئۆي قەدىمكى شەھىرى سېرىق توپىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە 65 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېپىل تېمىنىڭ بىر بۆلۈكىلا ساقلىنىپ قالغان. ھازىر پەقەت

① ئابدۇقېيۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىللىق 3 - سان.

خارابىلىككە ئايلانغان ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ۋە توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان قارا ۋە قىزغۇچ رەڭلىك ساپال پارچىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چەت ئەل ۋە ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ھەرخىل يارماقلارنى، ھەرخىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرىنى، شەھەر ئەتراپىدىكى ھەشەمەتلىك بۇتخانىلار، ۋىھارا، ستوپالارنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى تاپقان. فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت 1906- يىل 9- ئايدا خانئۆي قەدىمكى شەھىرىگە بېرىپ، شەھەر دائىرىسىدىكى موراتىم بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭ بۇددا مۇنارى، راھىبلار ئۆيى قاتارلىق ئاساسلىق گەۋدىلىرىنى خەرىتىلەشتۇرگەن. شۇنداقلا يەنە موراتىم خارابىلىكىنىڭ شىمالىغا 392 قوش قەدەم كېلىدىغان جايدا سىرتى تۆت چاسا ھالەتتىكى بىر بۇددا خارابىلىكى — «توققۇز ھۇجرا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانا خارابىسى، «قىزىل تىم»، «قاغا تىم»، «چۆل تىم»، «توپا تىم»، «قوش تىم» قاتارلىق بۇددا مۇنار ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى بېكىتكەن. ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ مارك ئاۋرېل ستەينمۇ 1913 - يىلى خانئۆي قەدىمكى شەھىرىگە بېرىپ، شەھەردىن ئىككى ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى «ھاساتام بۇددا مۇنارى» بىلەن «موراتىم» ئىبادەتخانىسىنى تەكشۈرگەن. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «خانئۆي» بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىگە مەنسۇپ تىپىك شەھەر بولۇپ، موراتىم بۇددا ئىبادەتخانىسى ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. ئالىمجان مەخسۇت قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006- يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا، كۆلىمى 5 مو دېيىلگەن غەيرىي ئۆلچەملىك كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ مۇنار 5 قەۋەت بولۇپ، ھەربىر قەۋىتى 10 سانتىمېتىر ئىچكىرى تارتىلىپ ياسالغان، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 مېتىر ئەتراپىدا،

مۇنارغا ئىشلىتىلگەن خىشنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇنارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن 90 مېتىر يىراقلىقتا تىراپېتسىيە شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان بىر قۇرۇلۇش ئىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 7 مېتىر، ئاستى يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر، ئۈستى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14.2 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر كېلىدۇ. يۈز قىسمىدا بۇت تەكچىلىرىنىڭ ئورنى بار. بۇ مورا بۇددا مۇنارى قەدىمكى خانئۆي تەۋەسىدە ساقلانغان بىر قەدەر مۇكەممەل بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206- يىلىدىن مىلادىيە 907- يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دېيىلىدۇ[1]. بۇ مۇنار «خانئۆي» قەدىمكى شەھىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنى قەشقەر رايونىغا كىرگەندىن كېيىن ۋەيران بولغانلىقى مەلۇم.

«توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھەر خارابىسى ھازىرقى مارالبېشى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «داۋازتاغ»نىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن تۇمشۇق تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 79° 02′06″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39° 58′45″ قا توغرا كېلىدۇ. شەھەر لاي بىلەن تاشتىن قوپۇرۇلغان ئۈچ قات سېپىل بىلەن قاشالانغان بولۇپ، ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە مەركىزىي شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي كۆلىمى 250 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ خارابە ئىزلىرىدىن قارىغاندا سېپىلنىڭ كەڭلىكى 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە بولۇپ، جەنۇب ۋە شىمالىغا بىردىن دەرۋازا قويۇلغان، سېپىلنىڭ بىرقانچە يېرىگە

[1] ئادىل مۇھەممەت: «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 36- بەت.

لەشكەرلەر تۇرىدىغان قوۋۇق ۋە كۆزىتىش مۇنارلىرى سېلىنغان.
«توققۇز ساراي» يېپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيەسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغاچقا، بىر مەزگىل قەدىمكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلانغان نۇقتىسى بولۇپ قالغان. شۇڭا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چەت ئەل ۋە ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ خارابە ئىزنى كۆپ قېتىم قېدىرىپ تەكشۈرگەن ھەمدە شەھەر خارابىسىدىن قەدىمكى ساك تىلى، سانسكرىت تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان تارىشا پۈتۈك، ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يارماق، ھالقا، ئۈزۈك، ئاياللارنىڭ چېچىغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى، 12 مۈچەلنى ئىپادىلەيدىغان كۆلال پارچىلىرى، كۆپ - كوزىلارغا چەككەن نەقىشلەر، لاي قورچاق ۋە تەقلىدىي لاي بۇتلار، ساپال ۋە مىستىن ياسالغان بۇت ھەيكەللەر، نەپىس توقۇلما بۇيۇملار، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرى، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى، لايدىن ياسالغان ھاراق رومكىسى، ياغاچتىن ئويغان ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى، جەڭ قورالىرىنىڭ پارچىلىرى، دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭ، يوللارنىڭ ئىزلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان، شۇنداقلا يەنە بۇ خارابە ئەتراپىدا «چوڭ تىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۇر ئىزى بايقالغان. ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن بىر كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تۇر ئاساسەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇستۇنكى يېرىم قىسمىنىڭ شەكلى يۇمىلاق تۇۋرۇككە ئوخشايدۇ. ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 68.8 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 مېتىر كېلىدۇ. قالدۇق تۇرنىڭ ئۇستىدىكى 2 مېتىر كېلىدىغان جاي خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئاستى قىسمى سېرىق توپا بىلەن قاتىداپ ياسالغان. تۇرنىڭ شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە چاسا شەكلىدىكى توپا دۆڭ بار، توپا دۆڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئىزى بار، بۇ ئۆيلەرنىڭ مورا ئىزلىرىنى ھازىرمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئىز دائىرىسىدە ناھايىتى كۆپ ساپال پارچىلىرى، مىس زىننەت بۇيۇملىرى، مىس پۇل ۋە ئەينەك

قاتارلىقلارنى ئۆچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، «توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تىم ـ تۇرالار مىلادىيە 12 ـ ئەسىر ئەتراپلىرىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

مەيلى سۇلې، ساكارائۇل (يەكەن) بەگلىكلىرى دەۋرىدىكى بىرقەدەر تۇراقلاشقان شەھەرلەر، ئوردا ـ سارايلار، قەلئە ـ قوۋۇقلار بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «موراتىم»، «توققۇز ھوجرا»، «توققۇز ساراي»، «توققۇز قازناق»، «ئۈچ مىرۋان» قاتارلىق سانسىزلىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، تىم ـ تۇرالار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەجدادلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە مېھنەت ـ ئەجرى مۇجەسسەملەنگەن بىناكارلىق ئۈلگىلىرى بار. بۇ ئۈلگىلەر ئارختېكتورا جەھەتتىن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن كاشغەر بوستانلىقىنىڭ جۇغراپىيەلىك شەرت ـ شارائىتلىرىغا ماس ھالدا ئىجاد قىلىنغان يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۆزئارا زىچ گىرەلىشىشتەك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۇرگەن. دۇنيانىڭ قەدىمكى بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرىنى ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تۈر ۋە ژانىرغا ئايرىغاندا بەزى ئالىملار تارىم بوستانلىقىنى مەركەز قىلغان غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى ئارختېكتورا ئۇسلۇبى قەدىمكى گىرېك بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن «قەندىھار بىناكارلىق سەنئىتى» ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ، دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىللىرى ماكېدونىيەلىك ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن بۇ يەردە قۇرغان گىرېك ـ باكتېرىيە ئىمپېرىيەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۆچەيتىش مەقسىتىدە قەدىمكى يۇنانىستاندىن ھەرخىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەنئەتكار ۋە ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىكارلارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كەلدى، ھەتتا بىر قىسىم گىرېك ئاھالىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا يەرلىكلەشتۈردى. مۇشۇ تارىخىي بۇرۇلۇشنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا گىرېك

بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن سىڭىشىپ يېڭىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخىتېكتورا سەنئىتى بولۇپ شەكىللەندى. بۇنداق گىرەلىشىش قەندىھار ئۆلكىسى (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەلىكى) دە بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەچكە، ئارخىتېكتورا ئىلمىدە ئومۇملاشتۇرۇپ «قەندىھار ئۇسلۇبى» دەپ ئاتالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان ئارقىلىق كاشغەر بوستانلىقىغا كەلگەن كۆپلىگەن ياۋروپالىق سەيياھلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىدە بۇ رايوندىكى ئوردا ـ سارايلار، قەلئە ـ مۇنارلار ۋە ئاھالىلەرنىڭ بەزى تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى بىلەن ھىندىستاننىڭ پەنجاپ، كەشمىر رايونلىرىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ شەكىل جەھەتتە ئوخشاشلىقى تىلغا ئېلىنغان (سۋېن ھېدىن، كاتارىن ماكارتىنى، مارك ئاۋرىل سىتەين، پائول پېللىئوت، گۇننار ياررىڭ...... قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى خاتىرىلىرىگە قاراڭ). بۇ قاراشلارنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ تارىم بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق تەسىر بىر خىل تاشقى ئامىل بولۇپ، ئۇ پەقەت شۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئېستېتىك تەلىپى قاتارلىق ئىچكى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. دەرۋەقە، قەشقەر بوستانلىقىدىكى بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرىدىن قارىغاندا، ئەنئەنىۋى يەرلىك ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە غەرب بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىبلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شەھەر ـ قەلئەلەر، ئوردا ـ سارايلار، ئىبادەتخانىلار ۋە ئولتۇراق ئۆيلەر ئومۇملۇق جەھەتتىن توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۈز تورۇسلۇق ياكى گۇمبەز شەكىللىك، باغبارانلىق، ھويلا ـ ئارانلىق، ئايۋان ـ سارايلىق، سوقما ۋە قوشام (چىتلاق) تاملىق، يېرىم يۇملاق دېرىزىلىك، قوش قانات

ئىشكىلىك، قوببە - مونارلىق، ساتما - راۋاقلىق، خىش - كېسەكلىك، مورا ۋە تەكچىلىك دېگەندەك كۆپ خىل شەكىللىك ئىمارەت تېپىگە مەنسۇپ. بۇ قۇرۇلمىلارنىڭ تېخنىكىلىق تەپسىلاتىنى كېيىنكى بابلاردا ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

## 2. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى

10 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 4 - ئەۋلاد خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا (مىلادىيە 943 — 956 - يىللىرى) ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا ئومۇملىشىپ ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇزۇلمىسىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا يېڭىچە ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. دىنىي ئېتىقادنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن بىللە ئۆزىدىن بۇرۇنقى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقىرىلىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىمۇ، جۈملىدىن بىناكارلىق ئىشلىرىدىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىنىشلار بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئەڭ روشەن ئىپادىسى ئالدى بىلەن دىنىي قۇرۇلۇشلار، يەنى «خۇدانىڭ ئۆيى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەسچىتلەر، مەدرىسەلەر، مازار- خانىقالار بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا گەۋدىلەندى، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا شەھەر- قەلئە، ئوردا - ساراي ۋە يېزا - قىشلاق بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرىغىچە كېڭەيدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەشقەر ئېلىمىزدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ۋە ئەڭ يارقىن كۆزنىكى بولغاچقا، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ رايوننىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى ئەزەلدىن تەرەققىي تاپقان بۇ رايوندا

قۇرۇلۇش - بىناكارلىق سەنئىتى تېخىمۇ مەخسۇسلىشىپ ۋە كېڭىيىپ، ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرى بويىچە دۇكان - بازارلار ۋە كوچا - مەھەللىلەر بارلىققا كەلدى. شەھەرمۇ ئىچكى شەھەر (سېپىلنىڭ ئىچى) ۋە تاشقى شەھەر (سېپىل سىرتى) دەپ ئايرىلىپ، بۇرۇنقى ھالىتىدىن كېڭەيدى. ئەگەر قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن كاشغەر بوستانلىقىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىدە تەرەققىيات بار دېيىلسە، بۇ ئالدى بىلەن يېڭىدىن بىنا بولغان ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى دىنىي قۇرۇلۇشلار (مەسچىت، مەدرىسە، مازارلار) ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى - تاشقى بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىدا ئىپادىلىنىدۇ، بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرى بىلەن يەكەن شەھىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بەزى تارىخىي ئۆچۈرلار ۋە رىۋايەتلىك ئاغزاكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىنا بولۇپ، كېيىن قايتا رېمونت قىلىپ ياسالغان مەسچىت - مەدرىسە، مازارلارنىڭ ئۆلگىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى (خەلق ئاغزىدا «ھەسسۇلتۇنۇم مازىرى» دېيىلىدۇ). بۇ مازار قاراخانىيلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 4 - ئەۋلاد خاقانى، ئۇلۇغ ئىسلام ئۆلىماسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 344 - يىلى (مىلادىيە 955 - يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى مۇسابىنىنى ئابدۇلكېرىم (مۇسابۇغراقاراخان) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. مازارنىڭ ئورنى ئەسلىدە قەشقەرگە قاراشلىق ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ مەشھەد كەنتىدە بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. مازار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا قوش مۇنارلىق دەرۋازا، قورشاۋ سوقما تام، مەسچىت، مەدرىسە، ھۇجرا، سەرراپخانا، كۆل، قەبرىستانلىق ۋە مېۋىلىك باغدىن تەركىب تاپقان. قەشقەردىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ تۇنجى ئۆلگىسى بولغان مەقبەرە دەسلەپتە ياغاچ تۈۋرۈك - لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق شەكىلدە

بولـۇپ، پۈتـۈن قۇرۇلـۇش تـوپـا، ياغـاچتىـن ياسـالغان، ئەتراپـى نەقىشلىك ياغـاچ پەنجىـرە بىلـەن ئورالغـان. سـۇلتان سـۇتۇق بۇغراخاننىـڭ بـۇ قەبرىگـاھى ھـازىرغىچە كـۆپ قېـتىم رېمونـت قىلىنغان ياكى ئەسلىي ئۇسلۇبنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قايتا ياسـىلىپ، تېخىمـۇ كۆركەملەشـتۇرۇلگەن. يەكەن سـەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1533—1559 ـ يىللىـرى) بـۇ مـازارنى شـۇ دەۋردىكـى ئۇيغـۇر بىناكـارلىق سـەنئىتىنىڭ ئۇسـلۇبى بىلـەن خىش قۇرۇلمىلىـق، گـۇمبەز تورۇسـلۇق قىلىـپ ئومۇميۈزلـۈك رېمونـت قىلـدۇرغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىققـان. گۇمبەزنىـڭ سىرتى رەڭدار نەقىشلىك كاھىش بىلـەن زىننەتلەنگەن. ھىجرىيە 1241 ـ يىلـى (مىلادىيە 1826 ـ، 1827 ـ يىللىرى) قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىسھاق ۋاڭ تەرىپىـدىن يەنە بىـر قېـتىم رېمونـت قىلىنىـپ، ئاپـاق غوجـا مازىرىنىـڭ شـەكلىگە ئوخشاش قىلىـپ ياسـىتىلغانلىقى مەلـۇم. 1902 ـ يىلـى قەشـقەر ۋە ئاتۇشـتا يـۈز بەرگەن ئېغىـر يەر تەۋرەش ئاپىتىـدە بـۇ قەبرىگاھنىـڭ گـۇمبىزى ۋە ئۇنىـڭ ئەتراپىـدىكى مەسچىت، مەدرىسەلەر ۋەيـران بولغـان. 1956 ـ يىلـى ۋە 1959 ـ يىللىرى بۇ قەبرىگاھ تەكشى يـۈزى تـۆت چاسا شـەكىلدە، خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ قايتا ياسالغان. تۆت تېمىنىـڭ سىرتقى يۈزى گۈللۈك خىش تىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۇستى ئۈچ بۇلۇڭلـۇق ياغـاچ لىـم بىلـەن كونـۇس شـەكىللىك يېپىلىـپ، ئوتتۇرىسىغا كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. مۇنارنىـڭ ئۇسـتىگە ھىـلال ئاي بەلگىسى ئورنىتىلغـان. قەبرىگاھنىـڭ كـۆلىمى 196 كـۋادرات مېتىـر، ئېگىزلىكـى 5.85 مېتىـر كېلىـدۇ. سـۇلتان سـۇتۇق بۇغراخاننىـڭ ھـازىرقى قەبرىگـاھى ھۆكـۈمەت ۋە شەخسـلەرنىڭ خىراجىتى بىلەن 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ قايتـا ياسـالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىـر قېـتىم قايتـا رېمونت قىلىنغـان سۇتۇق بۇغراخان مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇش كـۆلىمى 1192 كـۋادرات مېتىـر، ئېگىزلىكى 7.43 مېتىر، ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كـۆلىمى 10889

كىۋادرات مېتىر بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئىككى ئىشىكى، تۆت دېرىزىسى. شىمال، جەنۇب، شەرق تەرىپىدە پېشايۋان بولۇپ، جەمئىي 43 تال تۈۋرۈك قويۇلغان. مەسچىتنىڭ مېھراب ۋە چاسا تورۇسلىرى خىلمۇخىل رەڭلىك سىزما نەقىشلەر ۋە ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغان «قۇرئان ئايەتلىرى» بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇ مازىرى 10 ـ ئەسىردە بىنا بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ كەلمەكتە.

ساچىيە مەدرىسەسى. بۇ مەدرىسە ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ چاسا كوچا باشقارمىسى ساقىيە ئاھالىلەر كومىتېتىغا جايلاشقان. تارىختا «مەدرىسەئى ساچىيە» دەپ ئاتالغان بۇ مەدرىسە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى، دىنىي، پەننىي مائارىپىنىڭ مەركىزىي ئوچىقى بولغان. جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ ناھايىتى چوڭ كۇتۇپخانىسى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ مەدرىسە ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى بولۇشتەك سالاھىيىتى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي، ئىمامىدىن كاشغەرىي قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

ساچىيە مەدرىسەسى قاراخانىيلار خانلىقىدىن كېيىن، قارا قىتان (لياۋ سۇلالىسى) خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى كۈچلۈكخان دەۋرىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ۋالىيسى مەسئۇد بەگ مىلادىيە 1260 ـ يىلى ئۇنىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەسئۇدىيە مەدرىسەسى» نى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا «سائادەت» كۇتۇپخانىسىنى سالدۇرغان. ھازىر پەقەت «ساقىيە مەدرىسەسى» نامى بىلەن بىر مەسچىتنىڭ ئورنىلا ساقلىنىپ

قالغان. ئەينى دەۋردىكى «ساچىيە مەدرىسەسى» نىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ھەققىدە ھېچقانداق تەزكىرە ساقلانمىغاچقا، بىزمۇ ئۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيەلمەيمىز.

مەھمۇد كاشغەري مازىرى. بۇ مازار قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسى ئازىغ (ھازىرقى قومباغ) كەنتىدىكى «موللام بېغى» تۆپىلىكىگە جايلاشقان. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى مەھمۇد كاشغەري (تولۇق ئىسمى مەھمۇد بىننى ھۇسەيىن بىننى مۇھەممەد كاشغەري) دەپنە قىلىنىش بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، مازار روزى مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ھۇجرا، مەقبەرە، مەسچىت، چوڭ دەرۋازا قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ مازارلىقتىكى ئىمارەتلەر خىش - كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۈز تورۇسلۇق، ۋاسا جۈپلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ لىم، جەگە، پارامانلىرىغا خىلمۇخىل شەكىلدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان. روزى مەرىكە زالىنىڭ ئالدى ۋە شىمالىي تەرەپتىكى تاملىرىغا پەنجىرىلىك ياغاچ دېرىزە قويۇلغان، تونەكخانىسى بىلەن دەرۋازا گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. بۇ مازار پۈتۈنلەي گەج نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مازار 21 - ئەسىردىن كېيىن كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغانلىقى مەلۇم. 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئوپالدا يۈز بەرگەن 7.4 بال يەر تەۋرەشتە بۇ مازار ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەقبەرىنىڭ ۋە مەسچىتنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن 1986 - يىلى بۇ مازارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، ئۇلۇغ شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە قەشقەردىكى خانلىق

مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1069 ـ ، 1070 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 13 مىڭ مىسرالىق بىباھا دىداكتىك داستان «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازغان. ئۇ مىلادىيە 1085 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنغان. تەخمىنەن 1120 ـ يىللىرى تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى ئەسلىي ئورنىدىن پايناپ يېزىسىغا يۆتكەلگەن. كېيىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەنلىكى ۋە بۇ قەبرىگاھنى «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم. ھىجرىيە 1074 ـ يىلى (مىلادىيە 1665 ـ يىلى) يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا خان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، ئىلگىرىكى تۆز تورۇسلۇق ھالىتىنى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. قەبرىنىڭ ئالدىنى غەربكە قارىتىپ، 8 مېتىر ئېگىزلىكتە پەشتاقلىق دەرۋازا ئورناتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىيە 1828 ـ يىللىرى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىسھاق ۋاڭ دەۋرىدە بۇ مازار يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، قەبرىگاھنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز، تۆت بۇرجىكىگە تۆت مۇنار قوپۇرۇلغان، قەبرىنىڭ سىرتى كۆك رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. 1874 ـ يىللىرى مازارنىڭ ئورنى كېڭەيتىلىپ تەخمىنەن 965 كىۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن، مازارنىڭ تۆت ئەتراپى 3.8 مېتىر ئېگىزلىكتە خىش تام بىلەن قورشالغان. دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 4.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 مېتىر بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپلەردە راۋاق ۋە خىش بىلەن ياسالغان يۇملاق مۇنارلىرى بار. مازار قورۇسىنىڭ ئىچىدە 160.6 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەسچىت ھەمدە شەيخلەر ياتىدىغان ھۇجرا ۋە توققۇز دانە قەبرە بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستىدىكى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر، گۈمبەزنىڭ ئالدى

تەرىپىگىمۇ 7.7 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنار ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. گۈمبەزنىڭ سىرتىغا سۆسۈن رەڭلىك كاھىش يېپىشتۇرۇلغان. قەبرىگاھ ۋە ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى مەسچىتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپ، رەڭلىك كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىش شەكىللىرى ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇلگەن. ئەپسۇس، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بۇ يادىكارلىق ئورنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مازارنىڭ ئىزى يوقالغان. 1986 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلىغى بىلەن مازارنىڭ ئەسلىي ئۇسلۇبى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1989 - يىلى قۇرۇلۇش غەلىبىلىك تاماملىنىپ بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن.

ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قەبرىگاھنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1900 كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قەبرىگاھ چوڭ دەرۋازا، مەسچىت، خاتىرە مۇنار، كۆرگەزمە زالى ۋە كۇتۇپخانىدىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي خىش ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 225 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ كايۋان، يەر ئاستى ئۆيى، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىبلەنگەن، كايۋان 22 كىچىك گۈمبەزلىك ئالدى ئوچۇق 22 ئېغىز خانىدىن تەركىب تاپقان. قەبرىگاھنىڭ ئالدى پەشتىقىغا 8 قەپزەكلىك تۆتتىن مۇنار چىقىرىلغان. ئىككى ياندىكى پەشتاقلىق ئىككى ئىشىك ئاساسىي قەبرە ئۆيىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كايۋاننىڭ تۆت بۇرجىكىدە يەنە ئېگىزلىكى 9.4 مېتىر كېلىدىغان قەپزەكلىك تۆت مۇنار بار.

قەبرە ئۆيى تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئىچكىرىكى ئۆيدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ، ئۈستىدىكى گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 19.60 مېتىر، دىيامېتىرى توققۇز مېتىر. قەبرە سۇپىسى ئاق، ئۈستى كۆك گۈللۈك كاھىش بىلەن بېزەلگەن. گۈمبەزلىك بۇ قەبرە ئۆيىنىڭ تۆت

ئەتراپىدا چوڭ ـ كىچىك پەنجىرىلىك بىرنەچچە كۆزنەك ۋە رۇجەك بار. رۇجەكنىڭ ئۈستى قىسمىغا گۈمبەزنىڭ ئايلانمىسىنى بويلاپ «قۇتادغۇ بىلىك» تىن تاللانغان پارچىلار ھۆسنخەت شەكلىدە ئويۇلغان. قەبرىگاھنىڭ ئاستى 198.85 كىۋادرات مېتىرلىق بېتوندىن قويۇلغان يەر ئاستى ئۆيى بولۇپ، بەش خانىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۆيلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئايلانما كارىدور قەبرىگاھنى نەملىكتىن ساقلاشتا مۇئەييەن قوغداش رولىغا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ تەقلىدىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھازىرقى شەكلى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭىچە بىناكارلىق ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسى. قەشقەرنىڭ سىمۋولى بولغان ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 16800 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ جامەنىڭ ئورنى ئەسلىدە بىر ھەدىگەرلىك بولۇپ، ھىجرىيە 846 ـ يىلى (مىلادىيە 1442 ـ يىلى) بۇ ھەدىگەرلىكنىڭ ئورنىغا بىر كىچىك مەسچىت بىنا قىلىنغان. مۇشۇ مەسچىت ئاساسىدا تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار، بايلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار تەرىپىدىن 10 قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىلگەن. بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ھالىتى ھىجرىيە 1290 ـ يىلى (مىلادىيە 1872 ـ يىلى) قايتا رېمونت قىلىنىشتا شەكىللەنگەن.

ھېيتگاھ جامەسى مەسچىت، مەدرىسە، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا، هاممام، كۆل، ھەيۋەتلىك گۈمبەز ۋە ئېگىز ئىككى مۇنارلىق دەرۋازىدىن ئىبارەت بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قاشالانغان.

ھېيتگاھ جامەسى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇردۇر. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا قىلىنغان مەشھۇر مازارلاردىن «يۈسۈپ قادىرخان

مازىرى»، «ئارسلانخان مازىرى»، «بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى»،
«ئوردا پادىشاھىم مازىرى» (ئوردام) قاتارلىق مازارلارمۇ ئۆزگىچە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە. پىروفېسسور، دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيەسى «ئۇيغۇر مازارلىرى» ناملىق مونوگراپىيەسىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغدىلىنىدىغان 86 مازارنىڭ 39 ى قەشقەر رايونىغا جايلاشقان. بۇددىزىم دەۋرىدىن قالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن ئۆزگەرتىلگەن ياكى يېڭىدىن بىنا قىلىنغان دىنىي مەزمۇندىكى بۇ خىل جامائەت قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى مەدرىسە (مەكتەپخانا) ۋە مەسچىتلەر بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى نەپىس نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، بولۇپمۇ «ئاللانىڭ ئۆيى» دەپ تەرىپلەنگەن مەسچىتلەر قۇرۇلما جەھەتتىن قېلىپلىشىپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان ئۇيغۇر ئىسلام مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ئۆزگىچە مۇجەسسەملىگەن. مەسچىتلەر ئىچكىرى ۋە تاشقىرى قىلىنىپ ياسىلىپ، ئىچكىرىكى قىسمى تەكشى تورۇسلۇق، لىم - تۈۋرۈكلۈك، ۋاساجۇپ شەكلىدە يېپىلىپ، تاشقىرىقى قىسمىغا تۇتىشىدىغان تېمىغا قوش قاناتلىق ئىشىك ۋە ئىشىكنىڭ يان تەرەپلىرىگە ئەينەكلىك دېرىزە ياكى نەقىشلەنگەن ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ قىبلە تەرەپتىكى تېمىغا مېھراب ياسالغان. مېھراب يېنىغا ئىمام قىرائەت قىلىدىغان مۇنبەر ياسالغان. مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان. تاملىرى گەج بىلەن تەكشى سۇۋىلىپ، قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسنخەت شەكلىدە پۈتۈلگەن. مەسچىت قورۇسىنىڭ ئالدىغا شەرق تەرەپكە قارىتىپ گۈمبەز ۋە مۇنارلىق چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان. چوڭ جامەلەرنىڭ قورۇسىدا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان كۆل ياكى قۇدۇق كولانغان. تەرەت ئالىدىغان ئايرىم ئۆي — سەرراپخانا بولۇپ، شەرىئەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدىن بۇرۇن تەرەت ئېلىپ ئۆزىنى دائىم پاك تۇتۇشى تەلەپ قىلىنغان. چۈنكى،

پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى «مەھەللىلەردە مەسچىت بىنا قىلىش ۋە ئۇ مەسچىتلەرنى پاكىز، خۇشبۇي تۇتۇشقا بۇيرۇغان[1]». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاتائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاتائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ...... ھويلا - ئارانلىرىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار[2]» دېگەن مۇسۇلمانلىق شەرتى بويىچە مەسچىتلەرنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماستىن، ئولتۇراق ئۆي ۋە قورۇ - جايلارنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇشىغىمۇ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېلىمىزدىكى مەركەزلىرىدىن بولغان قەشقەردە مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، مەسچىتلەرنىڭ مېمارچىلىق سەنئىتى ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئىسلام سەنئەتكارلىرى مەسچىتنىڭ «جامال»ى — گۈمبىزىنى ئاللانىڭ گۈزەللىكىگە، «جالال» ي — مۇنارىنى ئاللانىڭ مۇقەددەسلىكىگە: «سۈپىتى» بولمىش سىرتقى تام يۈزىدىكى نەقىش ۋە ئايەتلەرنى — ئاللانىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقان[3]. بۇنىڭدىن گۈمبەز، مۇنار ۋە نەقىش - ئايەتلەر مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 3. شەھەر، ئوردا - ساراي ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشلىرى

قەدىمدىن باشلاپ خان - پادىشاھلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى

① «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى، 292 - بەت.

② «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى، 294 - بەت.

③ T.E ياكوبلېن: «سەنئەت ۋە دىن»، مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 163 - بەت.

بولۇپ كەلگەن قەشقەر قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ يەنە خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى قىلىنغانچقا، بۇ شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى رولى ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشقان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قەشقەر ئىچكى ۋە تاشقى شەھەرگە ئايرىلىپ، بۇرۇنقى ھالىتىدىن كېڭەيتىلگەن. ئىچكى شەھەر قەشقەرنىڭ يادرو قىسمى سۈپىتىدە مۇستەھكەم ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان. سېپىلغا تۆت چوڭ دەرۋازا (تۆشۈك دەرۋازا، يارباغ دەرۋازىسى، قارىقى دەرۋازىسى، قۇم دەرۋازىسى) قويۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى دەرۋازىلارنى قوغداشقا مەخسۇس لەشكىرىي قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا «ئوردوكەنت» يەنى «خان تۇرىدىغان شەھەر» دەپ ئاتالغان قەشقەر كوناشەھىرىدە قاراخانىيلارنىڭ خان - سۇلتانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى. ئەمەلدارلار، قازى - قۇززاتلار، باي سودىگەرلەر ۋە باشقا ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوردا - قەسىرلەر، دىنىي مەھكىمىلەر، سودا سارايلار، مەيدان - باغچىلار يېڭىدىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، شەھەر مۇئەسسەسەلىرى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ۋە خاسلىشىشقا باشلىغان. يەر - جاي نامى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «كونا ئوردا»، «ئوردا ئىشىكى»، «ئوردا ئالدى»، «ئارقا ئوردا»، «جاڭ قورغان» قاتارلىق خان - پادىشاھلارنىڭ ئوردا - سارايلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جايلار، «دۆلەتباغ»، «نەزەرباغ»، «چىنىباغ»، «شامالباغ»، «يارباغ»، «تۆرەيارباغ»، «گۆرباغ»، «چارباغ» قاتارلىق «ئوردا كەنت» ئەتراپىدىكى باغىۋاراڭلىق كۆجۈم مەھەللىلەر ئاشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئىككى شاھانە ئەسەر — «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تە «ئوردو» سۆزى «خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز — پايتەخت» نى بىلدۈرۈشتىن باشقا يەنە «ساراي - قەسىر» (قارشى) مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكرار تىلغا ئالىدۇ. «قارشى» —

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قەسىر»، «ساراي»، «ئوردو» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەنلىكىنى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى قارشىدۇر، بۇ قارشى ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر» دېگەن بېيىتتىن كۆرۈۋالالايمىز. قاراخانىيلار دەۋرىدە «قارشى» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىنى «ئوردو - ساراي، قەسىر» سۆزلىرى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «ئوردو» كەڭ مەنىدە خان تۇرىدىغان شەھەر»، «پايتەخت — مەركەز» دېگەن مەنىدە، تار دائىرىدە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچى مەركەزلەشكەن كاتتا ھەشەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش تۈپىغا قارىتىلغان خاس ئاتالغۇدۇر.

قەشقەر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلىم - پەن راۋاجلانغان، قول ھۈنەر ئىگىلىكى كەسىپلەر تۈرى بويىچە مەخسۇسلاشقان، سودا - سېتىق ئىشلىرى جانلانغان. ئالىم - ئۆلىمالار، ئەدىب - شائىرلار، مەشھۇر ھېكىم - تېۋىپلار، قولى گۈل ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، تىجارەتچى - سودىگەرلەر توپلانغان مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كاتتا ئىمارەتلەر، ئاۋات رەستىلەر، شەھەر ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان تىلسىملىق كوچا - مەھەللىلەر شەكىللىنىپ، ئىسلام مۇھىتىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ قەشقەر بىناكارلىقىنىڭ جەلپكار كۆزنىكى بولغان كوچا - مەھەللىلەرنىڭ ھەيران قالارلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى يوقاتماي كەلدى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى مۇختەر ئابدۇرېشىتنىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئېلىپ بارغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر شەھەر ئىچىگە تەۋە تۆت مەھەللە باشقارمىسىدا نامىشەرىپى ئېنىق بولغان 99 كوچا - مەھەللە بولۇپ، بۇنىڭ 30 ى ھۈنەر - كەسىپ نامى

بىلەن ئاتالغان[1]. مەسىلەن، «ئەۋرىشىمكار كوچىسى» (يىپەكچىلەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا)، «شامچى كوچىسى»، «ئەلگەكچى كوچىسى»، «قازانچى كوچىسى»، «چەكمەنچى كوچىسى»، «بورىچى كوچىسى»، «كوزىچى يارىبېشى كوچىسى»، «تاغارچى كوچىسى»، «زەيتاپ كوچىسى» (زەيتاپ پاختا، يۇڭ ئاتقاندا ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق ئەسۋاب)، «زەرگەرچى كوچىسى»، «زىلچا كوچىسى»، «ياغاچچى كوچىسى»، «جىڭچى كوچىسى»، «گوداڭ كوچىسى» (گوداڭ ماتا توقۇشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ توقماق — كۇدۇڭنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى)، «ياچى كوچىسى»، «موفاڭ كوچىسى» (موفاڭ خەنزۇچە نام بولۇپ، يارغۇنچاق ياكى يارمىخانا مەنىسىدە)، «دەڭ كوچا»، «تۇماق بازىرى كوچىسى»، «قوناق بازىرى كوچىسى»، «قاسقان بازىرى كوچىسى»، «ياغ بازىرى كوچىسى»، «كېپەك بازىرى كوچىسى»، «ئۆرۈك بازىرى كوچىسى»، «پاختا بازىرى كوچىسى»، «تاش بازىرى كوچىسى»، «سۇت - قايماق كوچىسى»، «كەتمەن بازىرى كوچىسى»، «ئۆتۈك بازىرى كوچىسى»، «سەي بازىرى كوچىسى»، «خام بازىرى كوچىسى»، «ساندۇق بازىرى كوچىسى» قاتارلىقلار.

بۇ كوچا - مەھەللىلەر ھېيتگاھنى مەركەز قىلغان ھالدا خۇددى گارمون تىلىدەك بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ قايناق شەھەر مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان. كوچا - مەھەللىلەرنىڭ ئىككى يېنىغا تۇتاش سېلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەر سىرتتىن قارىماققا بىر خارابىلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان بۇ پۇقراۋى ئۆيلەر ناھايىتى رەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇپ،

---

[1] مۇختەر ئابدۇرېشىتنىڭ «قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرىدىن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك شەكلىگە نەزەر» («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1937 - يىلى، 2 - سان) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەرقانداق كىشى ئۇنى لايىھەلىگەن ۋە ياسىغان بىناكارلارنىڭ يۈكسەك ماھارىتىگە قايىل بولماي قالمايدۇ. بۇنداق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى شەھەر كۆلىمىنىڭ كىچىك بولۇشى، يەر شەكلىنىڭ ئېگىز - پەس بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىناكارلىق تارىخىدىكى بىر مۆجىزە دېيىش مۇمكىن. بۇنداق سۈپەتلەشنىڭ سەۋەبىنى ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ ئابزاسلىرى يېشىپ بېرىدۇ: «رەستىدىكى كىشىلەر قايسىدۇر بىر تار كوچىنىڭ ئالدىدا غايىب بولاتتى، كىملەردۇر يەنە بىر تار كوچىدىن چىقىپ، رەستىدىكى پىيادىلەر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى...... تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ جايلاشقان ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىچىدە كوچا، ھويلىنىڭ ئىچىدە ھويلا ئىدى. ئەپچىل ھويلىدا تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن ھەرخىل گۈل بەئەينى گۈللۈك پېشايۋان بىلەن گۈللەر تىلى ئارقىلىق پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى...... بەزى ئۆيلەر كوچا تاملىرىغا مىنگەشتۈرۈپ سېلىنغان بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ تۇتاشمىسىدىن ئۇزۇن كارىدور ھاسىل بولغانىدى. چىرايلىق پەردىلەنگەن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان گۈل ياكى ساماۋار دېگەندەك نەپىس بۇيۇملارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. تار كوچىلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان دوقمۇشمۇ تار ئىدى. دوقمۇشتا بىرقانچە ھويلا ئىشىكلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ئۇستىگە قارىسىڭىز بىر پارچە زەڭگەر ئاسمان خۇددى مۇشۇ كىچىككىنە يېپىق دوقمۇشنىڭ ساماۋى تورۇسىدەك كۆرۈنىدۇ......

تومۇر - تومۇردەك سوزۇلغان تار كوچىلار تومۇر - تومۇردەك خالتا كوچىلارنى قوينىغا ئالغانىدى...... خالتا كوچىلارنىڭ ئاخىرى بىرەر گۈللۈك دەرۋازا بىلەن تۈگەيتتى. دەرۋازا بىر ئائىلە ئىپپىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى...... دەرۋازىلارنىڭ ئىشىكلىرى قوش

قاناتلىق بولىدۇ. ئىشكىنىڭ قاناتلىرى يېپىلغاندا ئىشكىنىڭ تۆۋىنىدىن بىرنەچچە بارماق ئېگىزلىكتە ئېشىپ تۇرغان بوسۇغا بىلەن شۇنداق ھىملىشىپ كېتىدۇكى، ھېچقانداق يوچۇق قالمايدۇ. ئىشكىنىڭ ئىككى قانىتى ھىملەشكەندە، بىر قانىتىغا ئورنىتىلغان تۆت بارماق كەڭلىكتىكى قېلىن مىنا ھېچقانداق يوچۇقچا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. ئىشكىنىڭ قاناتلىرىدىكى نەقىشلەر ئىشكىلەرگە باشقىچە سۆلەت كىرگۈزىدۇ...... قوش قاناتلىق ئىشىك ئېچىلغاندىمۇ، ئىشكىنىڭ ئىچى تەرىپىگە تارتىلغان پەردە ھويلىنىڭ خاسلىقىنى توسۇپ تۇرىدۇ[1] ......» بۇ ئۆزۈندىلەردىن قەشقەر ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان قاتمۇقات كوچىلارنىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى قايناق ھايات تىنىقلىرىنى ھېس قىلالايمىز. قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ئەنە شۇ قات - قات كوچىلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان، قەشقەر بىناكارلىقىنىڭ جاۋاھىراتلىرى ئاشۇ كوچىلاردىكى شاھمات تاختىسىدەك ئىخچام قۇرۇلغان ئۆي - ئىمارەت، ھويلا - ئارانلاردا جۇلالانغان. خۇيزۇ يازغۇچىسى جاڭ چېڭجى ئەپەندى تەسۋىرلىگەندەك: «بۇ ھويلا مەن ئۇچۇن ناھايىتى قىممەتلىك. بۇ ھويلىدا بەلكىم ھېچقانچە مال - مۈلۈك يوقتۇر، ئەمما ئۇنىڭدا ئېتىقاد، غۇرۇر ۋە ھۆسن بار. مۇشۇ بىرقانچە خىل بايلىقتىن كېلىپ چىققان قەشقەر سېھرى مانا مۇشۇ ئاددىي ھويلىدا نامايان ئىدى[2].»

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن خانلىق مەركىزى قەشقەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە مۇقىملىشىشى نەتىجىسىدە سودا ئالاقە جانلىنىپ،

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009 - يىللىق 5 - سان، 20 -، 21 - بەتلەر.

② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009 - يىللىق 2- سان، 23- بەت.

كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە شەھەر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ بۇ خانلىق دەۋرىدە ئالدى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بۇددىزم ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلاملىرى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭىچە «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» گە ئۆزگەردى، جۈملىدىن شەھەر بىناكارلىق ئۇسلۇبىمۇ ئىسلاملىشىپ، مېمارچىلىق تېخنىكىسى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. قاراخانىيلار دەۋرىدە سېلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوردا - سارايلار، مەدرىسە، مەسچىتلەر ۋە مازارلار بولۇپ، بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىگە ماس ھالدا يېڭىلاندى. بۇرۇنقى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئورنىغا مەسچىت، مەدرىسەلەرنى سېلىپ، بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ئورنىغا ئەزان مۇنارى ۋە پەشتاق مۇنارلىرىنى تىكلەش؛ بۇددىزم بىناكارلىقىدىكى ئەگمە ئىشىك - دېرىزىلىك ئۆيلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىش؛ بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەزلەرنى يېشىل رەڭلىك كاھىش بىلەن بېزەش؛ نەقىش، بېزەك جەھەتتە جانلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش شەكلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گۈل - گىياھلارنىڭ ئوبرازى «قۇرئان كەرىم» دىن ئېلىنغان ئايەتلەر، ھەدىسلەر، ئەقلىيە سۆزلەرنى ھۆسنخەت شەكلىدە نەقىشلەپ ئويۇش قاتارلىق يېڭىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئومۇملاشتى.

2. ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا چوقۇم بىر تەرەپتىكى تامنى قىبلىگە قارىتىش، مەسچىتلەردە قىبلە تامغا مېھراب چىقىرىش، گۈمبەز تۇرۇسلۇق مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يۇملاق قۇببىلىق پەشتاق مۇنارلىرىنى ياساش، تام - تۇرۇس ۋە پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىنى گۈللۈك خىش، ياغاچ ئويما

نەقىش ۋە سىزما سىر نەقىشلەر بىلەن كۆركەم بېزەش بىر خىل يېڭى مودىغا ئايلاندى.

3. شەھەرلەردە ئېقىن سۇ ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان دەل ـ دەرەخلەرنى قويۇپ كۆركەملەشتۈرۈش، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى (ئەۋرەز) ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇش. يۇيۇنۇش ئورۇنلىرى (هاممام، سەرراپخانا) نى قۇرۇش، ئۆي ئىچىنىڭ هاۋاسىنى تەڭشەش ۋە يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشتە تۈڭلۈكتىن باشقا يەنە ئىلگىرىكى پەنجىرىلىك دېرىزىلەرنىڭ ئورنىغا ئەينەك دېرىزىلەرنى ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى.

4. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ خىش، كاهىش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كۆلەملىشىپ، ئەينەك، سىر، يېلىم قاتارلىق ئىمارەتلەرنىڭ مۇهىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇردى.

5. قەشقەرنىڭ كۆلىمى تار، ئاهالىسى زىچ، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ـ پەس بولۇشتەك ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن، شەهەر ئىچىدىكى ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ گىرەلەشتۈرۈپ سېلىنغاندىن باشقا، ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكى قەۋەتلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۆيلەر يەر شەكلىگە ئاساسەن ئەركىن لايىهەلەنگەن. لېكىن، ئۆيلەرنىڭ گېئومېتىرىيەلىك ۋە سىممېتىرىيەلىك بولۇشىنى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ قاياققا ئېچىلىشىنى كۆچلۈك ئۆلچەم قىلمىغان.

6. كۆلىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هەممە ئۆيلەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا هويلىسى بولغان، بەزى ئاهالىلەرنىڭ هويلىسى ئىچكى هويلا ۋە تاشقى هويلا دەپ ئايرىلغان. ئىچكى هويلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ئورنى (يېتىپ ـ قوپۇش ئۆيى، تاماقخانا ۋە باشقىلار)، تاشقى هويلا مېهمانلارنى كۈتۈش (مېهمانخانا) ئورنى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. هويلىلار ئاساسەن پېشايۋانلىق بولۇپ، پېشايۋان ئاستىغا سۇپا

ياسالغان. سوپىلارنىڭ گىرۋىكىگە نەقىش ئويۇلغان ياغاچ رېشاتكا بېكىتىلىپ، رېشاتكا ئۈستىگە تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن گۈللەر تىزىلغان.

7. ئۆيلەرنىڭ هاجەتخانىسى ئۆگزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تازىلىقىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىلگەن، بۇنداق سۇ ئىشلەتمەيدىغان هاجەتخانىلارنىڭ ئاستىغا هەردائىم قۇرۇق توپا تۆكۈپ تۇرۇلىدۇ، ئۇنى شەهەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن كېلىدىغان دېهقان ئوغۇتچىلار هەر كۈنلۈكى دېگۈدەك تازىلاپ، ئوغۇتنى يۆتكەپ كېتىدۇ. ئۆگزىنىڭ ئەتراپى نېپىز سىراج تام (ياغاچ - بادرا بىلەن جازا قىلىپ توقۇپ ئۈستىدىن سامان ئارىلاشتۇرۇلغان كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان تام) بىلەن قورشىلىدۇ. بۇ سىراج تام بىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل هېسابلىنىدۇ.

8. ئۆيلەر تەكشى تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلىپ، يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك جەگە ياغاچلار بىلەن ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ 7، 9، 11، هەتتا 15 بۆلەككە ئايرىلىدۇ. هەربىر بۆلەكنىڭ ئارىلىقى 50 — 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ بۆلەكلەر ۋاساجۇپ ياكى ۋاسىدەميان (ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ۋاسا قويۇش) شەكلىدە يېپىلىدۇ. جەگە ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچى ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا تورۇملانغان هاراققا بېكىتىلىدۇ. جەگە ۋە هاراقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە هەر خىل شەكىلدىكى نەقىشلەر قاپارتما شەكلىدە ئويۇلىدۇ.

9. ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بىرقەدەر قېلىن بولغاچقا، تامغا هەر خىل شەكىلدىكى تەكچە چىقىرىلىپ، ئۇنىڭغا دەرهال ئىشلىتىلمەيدىغان چىنە - قاچىلار ۋە باشقا تۇرمۇش مۇلازىمەت بۇيۇملىرى رەتلىك تىزىپ قويۇلىدۇ. يەنە ئۆينىڭ ئاساسلىق تېمىغا بىر مېهراب چىقىرىلىپ يوتقان - كۆرپە قويۇلىدۇ. تەكچە ۋە مېهرابلار گەچ ئويمىلار ئارقىلىق نەقىشلىنىدۇ.

10. قەشقەر شەهىرى ئەتراپىدىكى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ

كەتكەن يېزا ـ كويلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئومۇمەن ئايۋان سارايلىق، هويلا ـ ئارانلىق، باغىۋارانلىق ئۆيلەر تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلما ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە كېيىنكى بۆلۈمدە مەخسۇس توختىلىمىز.

11. قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان قەشقەر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە بىناكارلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن ئارخىتېكتورلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقتە يېتەرلىك يازما خاتىرىلەر ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، بەزى ئۇچۇرلار ۋە شۇ دەۋر بىناكارلىق يادنامىلىرىدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە زور بىر تۈركۈم كەسىپلەشكەن بىناكار ـ ئۇستىكارلار گۇرۇھى يېتىشىپ چىققانلىقى مەلۇم. قۇربان ۋەلى تۈزگەن «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى)، ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى) ۋە بولات كارىبايەۋ تۈزگەن: «قازاق مىللىتىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى» (ئىلى خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى، قازاقچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلاردا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىدە داڭ چىقارغان مەشھۇر ئارخىتېكتور ئەختەرىدىن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئەختەرىدىن («قازاق مىللىتىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى» ناملىق كىتابتا ئۇنىڭ ئىسمى «ئەلقىدىر» دەپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شىنجاڭلىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئارخىتېكتور ئىدى.

بەي شۇينىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» نىڭ 7 ـ جىلدىدا، ليۇ ۋېيجۇن تۈزگەن «غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» (西域史话) نىڭ 122 — 124 ـ بەتلىرىدە،

ئوۋياڭشۇي يازغان «گۇيجەي توپلىمى» نىڭ 9 ـ جىلدىدا، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىنىڭ 8 ـ جىلدىدىكى «قۇبلايخان ھەققىدە خاتىرە» نىڭ 5 ـ قىسمىدا، «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 151 ـ جىلدىدا ۋە چىن يۈەن ئەپەندىنىڭ «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» تارىخى مەنبەلەردە شىنجاڭلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئەختەرىدىنىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى) نى لايىھەلىگەنلىكى ۋە شىنجاڭلىق مېمارچىلارنى تەشكىللەپ بۇ زور كۆلەمدىكى ھەيۋەتلىك پايتەختنى بىنا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بېيجىڭ شەھىرى ئىلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار مەركىزى بولۇپ كەلگەن. بۇ شەھەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «يۈجۇ» لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە «نەنجىڭ»، «يەنجىڭ»، جىن سۇلالىسى ۋاقتىدا «جۇڭدۇ» دەپ ئاتالغان. لياۋ (قىتان) سۇلالىسى بۇ يەردە بىرنەچچە قەسىر بىنا قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جىن سۇلالىسى (جورجىتلار) بۇ قەسىرلەرنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرغان. مىلادىيە 1215 ـ يىلى چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى جىن سۇلالىسىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ «جۇڭدۇ» نى ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا بۇ شەھەرگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئارىدىن 52 يىل ئۆتكەندە، يەنى مىلادىيە 1267 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى بۇ شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ پايتەخت قىلغان ۋە نامىنى «خانبالىق» (تايدۇ[1]) دەپ ئاتىغان. مىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بۇ شەھەر «بېيجىڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ھەممىگە مەلۇمكى، چىڭگىزخان زامانىسىدىن باشلاپ، غەربىي

① تايدۇ — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «ئۇلۇغ پايتەخت» دېگەن مەنىدە. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نامى.

يۇرتلۇق ئۇيغۇرلاردىن چىققان ھەربىي سەركەردىلەر، سىياسىي. ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ تەكلىپ قىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن. ئەنە شۇنداق ئىختىساسلىقلارنىڭ بىرسى مەشھۇر ئارخىتېكتور ئەختەرىدىن بولۇپ، 1264 - يىلى قۇبلايخان سۇڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن ئەختەرىدىنىنىڭ يۇرتىغا بارغاندا ئۇ قۇبلايخانغا پاياندار سېلىپ قارشى ئالغان. قۇبلايخان ئۇنىڭ مەشھۇر ئارخىتېكتور ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، يۈەن سۇلالىسى بىناكارلىق مەھكىمىسىنىڭ دورغاش بېگى مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ ھەمدە جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «جۇڭدۇ» ئوردىسىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە يېڭى ئاستانە — خانبالىق شەھىرىنى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئەختەرىدىنگە تاپشۇرىدۇ. بۇ مەھكىمىگە يەنە قۇبلايخان تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ داڭلىق ئارخىتېكتورلىرىمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ مەھكىمە مەخسۇس قارشى — ساراي، قەسىرلەرنى ۋە شەھەر- بازار قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان بولۇپ، ئەختەرىدىن ئۇنىڭ باش ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆي» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «چېدىر» ياكى «چادار»، «چادىر» نامى بىلەن «چادىر مەھكىمىسى» (茶特尔局) دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، «چېدىر» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كىگىز ياكى باشقا يىرىك توقۇلمىلاردىن تىكىپ تەييارلىنىپ، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان چاتقۇچ كەرگىلەر بىلەن كېرىپ قۇراشتۇرۇلىدىغان گۈمبەزسىمان كۆچمە ئۆيلەرنىڭ نامى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، قەدىمكى دەۋرلەردە دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا خالىغان جايدا قۇراشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە يىغىشتۇرۇپ، باشقا

جايغا قۇرۇشقا بولىدىغان چېدىر شەكىللىك بۇنداق يۆتكىمە ئۆيلەر كەڭ ئومۇملاشقان. ھازىر دۇنيادا ئارختېكتورا تارىخىدا چېدىر شەكىللىك ئۆيلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كەشپىياتچىلىرى قەدىمكى ئالتايلىقلار، دەپ قارالماقتا. دەرۋەقە، ئالتاي تېغىدىن چوڭ ھىنگان تاغلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ شىمالىي يايلاق رايونلىرى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە تولىمۇ ماس كېلىدىغان زېمىن بولۇپ، ئۇ يەردە ياشىغۇچى قەدىمكى ئالتايلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى بوغۇنلىرى بولغان ھۇنلار، تۈركىي قوۋملار، موڭغۇللار ۋە مانجۇ ـ تۇڭگۇسلار تاكى شەھەرلەشكەن مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش مۇھىتىغا كۆچكەنگە قەدەر چېدىر ئۆيدە ياشاپ كەلگەن. ھازىرمۇ موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قاتارلىق رايونىمىزدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا چېدىر ئۆي يەنىلا كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، چېدىر شەكىللىك يۆتكىمە ئۆيلەر شىنجاڭدا بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بار ئىدى. بۇ شەكىل ئۇيغۇرلاردا شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئەڭ بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى ھۇنلار ۋە ساك ئارىيانلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان ئەنئەنىۋى مىللىي ئىمارەت شەكلىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزمى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان مىڭئۆيلەرنىڭ ئىمارەت شەكلىمۇ چېدىر ئۆي نۇسخىسىدا ياسالغان ۋە بۇددا راھىبلىرى بۇنداق چېدىر شەكىللىك ئىمارەتلەرنى «چادرا»، «چاتىيا» دەپ ئاتىغان. قەدىمكى تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلاردىكى ھەرپىمۇ دەل چېدىر ئۆي شەكلىگە تەقلىد قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ «ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا چېدىر ئۆي قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەڭ ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «چېدىر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىدىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ خاس ئاتالغۇ بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئارىيانلارنىڭ تىلىدىكى «چادرا» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزىدۇر. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە سوغدى يېزىقلىرىدا

«چادار» دەپ يېزىلىپ «ئاخىرەتلىك پاناھ، ئاتا ماكان، ئۆي» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. بۈگۈنكى دەۋرىدىكى سانسكرىتچە يازمىلاردا «چادرا» دەپ يېزىلغان. مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە «چاتىر» دەپ يېزىلغان. بۇ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تىل تەلەپپۇزىدىكى پەرقلەر بولۇپ، ئۇلارنى يىل دەۋرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزغاندا مۇنداق ئېنىق فورمۇلا ھاسىل بولىدۇ:

چېدىر (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى) ← چادىر (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) ← چادار (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى) ← چادرا (قەدىمكى ئارىيان تىلى)[①].

دېمەك، يۆتكىمە ئۆي ـ ئىمارەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «چېدىر» دېگەن سۆز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان ساكلار (ئارىيانلار) تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىل)، قاراخانىيلار تىلى (خاقانىيە تىلى)، چاغاتاي تىلى (ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى) قاتارلىق تىل دەۋرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن ۋە ئىزچىل ئىستېمال قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدۇر. بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا «بەرەگىد» دەپ ئاتىلىدۇ. يۈەن سۇلالىسى گەرچە موڭغۇللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇلالە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىدىكى ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەركىزىي ئورگاننىڭ نامىنى موڭغۇل تىلى ئادىتى بويىچە «بەرەگىد جۇجۇقى ياكى مەھكىمىسى» دەپ ئاتىماي، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «چادىر» ياكى «چېدىر» نامى بىلەن «چادىر مەھكىمىسى» دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن: بىرى، چىڭگىزخاندىن تارتىپ تاكى يۈەن سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئۇزاق مەزگىللەر ئىچىدە، ئۇيغۇرلار موڭغۇل ھاكىمىيەت قاتلىمىدا مۇھىم

① قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى، 246 ـ، 247 ـ بەتلەر.

ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ھەرقايسى ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان. مۇشۇ ۋەجىدىن يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەن. ئۇيغۇر ئارخىتېكتورى ئەختەرىدىنىنىڭ ئاشۇنداق يۇقىرى مەنسەپكە تەيىنلىنىشىمۇ ئاشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوردىغا قاراشلىق بىناكارلىق ساھەسى ئەختەرىدىنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ ئورگاننىڭ نامى «چېدىر مەھكىمىسى» دەپ ئاتالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

شۇنداق قىلىپ، قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنى تىكلىگەندىن كېيىن پايتەخت خانبالىق (بېيجىڭ) نى قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇشنىڭ ئاساسىي ھالقىسى بولغان بېيخەي كۆلى (يۈچۈۋەن تاغلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇدىن بىنا بولغان كۆل) ئىچىدىكى چىنخۇاڭداۋ ئارىلى (ھازىرقى جۇڭنەنخەي) نى كېڭەيتىپ ئوردا - قەسىر قۇرۇشتا ئەختەرىدىننى تەكلىپ قىلدى. ئەختەرىدىن بۇ قۇرۇلۇشنى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن لايىھەلەپ چىققاندىن كېيىن، جىيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1264 - يىلى) رەسمىي ئىش باشلاپ، جىيۈەننىڭ 3 - يىلى (1267 - يىلى) پۈتكۈزگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ «چېدىر مەھكىمىسى» نى ئەختەرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدارە قىلىدىغان بولغان.

پايتەخت خانبالىق شەھىرىنىڭ قايتا بىنا بولۇشى — ئېلىمىزنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك مۇھىم ۋەقە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئارخىتېكتورى ئەختەرىدىنىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. «غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتابنىڭ 124 - ، 125 - بەتلىرىدە بۇ تەپسىلات مۇنداق بايان قىلىنغان. ئەختەرىدىن «خانبالىق» شەھىرىنى لايىھەلەش ۋە ئۇنى خان ئوردىسىغا لايىقلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى يەر شەكلىنى ئۆلچەپ،

ئاندىن خەنزۇچە ئىمارەت شەكلىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات شارائىتى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشى ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈۋالغان. ئىش باشلاپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۇ يەر شەكلىنىڭ يانتۇلۇقىغا ئاساسەن يەر ئاستى سۇ يولى ياساپ، سۇ چىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئورناتقان. ئىككىنچى قەدەمدە ئاندىن شەھەردىكى مەركىزىي ئوردا - قەسىرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تارماق رايونلارنىڭ ئورۇنلىشىش لايىھەسىنى ئىشلىگەن[①].» خان سارىيى ئورۇنلاشقان چىنخۇاڭداۋ ئارىلى (ھازىرقى بېيخەي كۆلىنىڭ ئىچىدىكى جۇڭنەنخەي) قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان غەربىي شىمالدىكى مەلۇم بىر ئەلدىن كەلگەن ئەلچى «بۇ قۇرۇلۇش خەنزۇ ئىمارىتى بولۇپ قاپتۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق لايىھەلەندى؟......» دەپ سوئال قويغاندا، ئەختەرىدىن ئۇنىڭغا: «موڭغۇللار شىمالدا ياشىغان، چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغان مىللەت. ئۇلار بۇ ئەلنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئەلەم كۈچى بىلەن بويسۇندۇردى. لېكىن، يەنىلا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئىدارە قىلالمايدۇ. مەدەنىيەتنى قەدىمكى ئەلنى باشقۇرۇشتا ئەسلىدىكى شەكلىدىن پايدىلانماي بولمايدۇ. موڭغۇل ئۆيلىرى ئاددىي، ئەمدى بۇ ئەلگە خان بولغان مىللەتكە ياراشمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. دەرۋەقە، ئەختەرىدىن بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، خان ئۈچۈن جۇڭگوچە شەكىلدە قەسىر لايىھەلىگەن.

ئەختەرىدىنىنىڭ خانبالىقنى كېڭەيتىپ قايتا قۇرۇش لايىھەسى ئىچىدە ئوردا - قەسىر قۇرۇلۇشىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈستىكارلار (قول ھۈنەر كارخانىلىرى) رايونى، شەھەر كوچا -

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، گاۋجياۋ تەزكىرىسى» گە قاراڭ. «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابنىڭ 253 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

مەھەللىلىرى قورولۇشلىرىمۇ ناھايىتى رەتلىك ۋە بىر - بىرىگە ماسلاشقان ھالدا پىلانلانغان. «شىجىن تەپسىراتى» دا: «پايتەخت كوچىلىرى ئاجايىپ رەتلىك ھەم بىر - بىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، چوڭ كوچىلىرى 24 ماڭدام، كىچىك كوچىلىرى 12 ماڭدام كەڭلىكتە، جەمئىي 364 چوڭ كوچا، 2009 كىچىك كوچا بار......» دېيىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا كوچىلارغا قودۇق كولىنىپ، بىر قودۇقتىن سۇ ئىچىدىغان ئاھالىلەر بىر كىچىك كوچا (مەھەللە) بولۇپ شەكىللەنگەچكە، بۇ كوچىلارنىڭ ئىسمى قوشۇلۇپ «پالانى قودۇق»، «پۇستانى قودۇق» شەكلىدە ئاتىلىپ، كېيىنچە خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «قودۇق» ئاتالغۇسى «خوتوڭ» غا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. ھازىرمۇ بېيجىڭدىكى كىچىك كوچىلار جانلىق تىلدا «خوتوڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 8 - جىلد «شىزۇخان ھەققىدە خاتىرىلەر» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئەختەرىدىن باشچىلىق قىلغان پايتەخت خانبالىقنى قايتا قۇرۇش قورۇلۇشى تاماملىنىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇش ئالدىدا قۇبلايخان جەمەتى، ۋەزىر - تۆرىلەر ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن 1000 نەچچە كىشىنى باشلاپ كېلىپ يېڭى ئوردىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك كۆركەم ياسالغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئەختەرىدىننى ئالاھىدە تارتۇقلىغان، «回族人物志» ناملىق كىتابنىڭ 94 - ، 95 - بەتلىرىدە «چېدىر مەھكىمىسى» نىڭ جۇجۇق ئامىلى ئەختەرىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇبلايخاننىڭ باش ئوردىسى ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ياساتقۇزۇپ قەبرىسى ئالدىغا تىكلىگەن، لېكىن ئۆلگەن كىشىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەش ئىسلام دىنىي قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، بۇ ئەھۋال ئەختەرىدىن جەمەتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. قۇبلايخان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىي قائىدىسى بويىچە بولسۇن!......» دەپ ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەن.

ئەختەرىدىندىن كېيىن ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ

بىناكارلىق ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مەسىلەن، ئەختەرىدىننىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇت شاھ دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۇەن سۇلالىسىنىڭ «چېدىر مەھكىمىسى» نىڭ باش ئامبىلى ھەمدە تەمرات پىرقىسىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى، ئۇستىكار مەھكىمىسىنىڭ دورغاش بېگى بولغان. مەھمۇت شاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىرئەلى شاھ دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئوغلى مۇبارەكشاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى ئوغلى قۇتلۇق شاھ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە خاڭجۇ، سەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئوردا تەپتىش بېگى، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دورغابى، تۇتۇن پىرقىسىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. قۇتلۇق شاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەختەرىدىننىڭ 4 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى مىرئەلى شاھ يۇەن سۇلالىسىنىڭ «چېدىر مەھكىمىسى» گە ئامبال بولغان. دېمەك، ئەختەرىدىندىن باشلاپ ئۇنىڭ 4 ـ ئەۋلادىغىچە بولغان بىر جەمەت ئۇيغۇر بىناكارلار ئائىلىسى يۇەن سۇلالىسىنىڭ «چېدىر ـ بارگاھ مەھكىمىسى» (جۇجۇق) نى ئىدارە قىلىپ كەلگەن ۋە پايتەخت بېيجىڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەختەرىدىن ھەققىدە يۇقىرىقىدەك قىسقا ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەندىن باشقا، ئۇنىڭ كونكرېت يۇرتى (شىنجاڭدىكى) ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. بىز پەقەت ئەختەرىدىننىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ھەم مەشھۇر ئۇيغۇر ئارخىتېكتور ئىكەنلىكىدەك پاكىتقا ئاساسەن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان قەشقەر رايونى ئەختەرىدىننىڭ ئانا يۇرتى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ياشىغان 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار تېخى

ئومۇمیۈزلۈك ئىسلاملاشمىغانىدى. ئىش قىلىپ، ئەختەرىدىنىڭ قاراخانیلار دەۋرىدە يېتىلگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئارختېكتور ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

قاراخانیلار دەۋرىدىن باشلانغان يېڭىچە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئەختەرىدىندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان مەشھۇر بىناكارلار ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار ھەققىدە ھازىرچە قولىمىزدا ماتېريىال بولمىغاچقا، ئۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇر بېرىش ئۇچۇن تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 4. يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتى

چاغاتاي نەسەبلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 7 - ئەۋلادى — سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن 1514 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يەكەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان ھەم شۇ زاتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ تاكى 1679 - يىل 9 - ئايدا ئاپاق غوجا ۋاستىچىلىكىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان قونتەيجى قىسمىلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرى ئىسمائىل خان، مۇھەممەتئىمىن خانلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئاز كەم ئىككى ئەسىرلىك مەزگىل تارىختا يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان (1514 - يىلىدىن 1533 - يىلىغىچە 20 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان) ۋە ئۇنىڭ 1 - ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (1533- يىلىدىن 1559- يىلىغىچە 26 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان) لار زامانىسىدا يەكەن خانلىقى تېررىتورىيەسىدىكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى نىزا -

زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، دىنىي مەزھەپ توقۇنۇشلىرىنىڭ ئەدەپ كېتىشى، «جاھالەت پەرلىرى» دەپ ئاتالغان غوجا - ئىشانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان خۇراپاتلىق تۇتەكلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى بارغانسېرى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى، بولۇپمۇ ئاھالىلەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە ناھايىتى نامراتلىشىپ كەتتى. يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ «گۈللەنگەن دەۋرى» دەپ قارالغان خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەدەنىيەت - مائارىپ قۇرۇلمىلىرى روناق تېپىپ، خانلىق دائىرىسىدە كۆپلىگەن مەدرىسە- مەكتەپخانىلار، مەسچىت - خانىقالار بىنا قىلىنغان. بۇ ھەقتىكى يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا خانلىق تېررىتورىيەسىدە 2263 مەدرىسە - مەكتەپخانىلار، 1533 مەسچىت - خانىقا بارلىقى مەلۇم. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قەشقەر ۋە يەكەنگە مەركەزلەشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېڭىدىن بىنا بولغان «ئالتۇن مەدرىسە» (خانلىق مەدرىسە)، «رەشىدىيە مەدرىسەسى» (ئۇچىنچى خانلىق مەدرىسە)، «غازىيە مەدرىسەسى»، قەشقەردىكى «ساقىيە مەدرىسەسى»، قەشقەر كوناشەھەر ئوپالدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»، يەكەندىكى ئارسلانباغ مەدرىسەسى»، يېڭىسارىدىكى «ھۆرىيەت مەدرىسەسى» قاتارلىقلار بىرقەدەر داڭلىق مەدرىسەلەردۇر. سەئىدىيە خانلىقى يەكەننى پايتەخت قىلغاچقا، بۇ مەزگىللەردە يەكەن شەھىرىنىڭ بىناكارلىقىنى ئوق قىلغان ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر 1499 - يىلى تۇغۇلۇپ 1551 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» (1541- يىلىدىن 1546 - يىلىغىچە كەشمىردە يېزىلغان) ناملىق نوپۇزلۇق ئەسەردە يەكەن ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بار. «مىرزا ئابابەكرى ياركەندتە بىر

قەلئە بىنا قىپتۇ، سېپىللىرىنىڭ ئېگىزلىكى 30 گەز[①] شەرئى بار، قەلئەنىڭ ئىچى تەخمىنەن 200 جەرىبچە[②] بار. ناھايىتى ئېگىز ئەركلەر[③] نى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. قەلئەگە ئالتە دەرۋازا قويۇپتۇ. بۇ دەرۋازىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، دەرۋازىلارنى 100 گەز ئىچكىرىگە تارتىپ ئورنىتىپتۇ. ئىككى تەرەپتىن بۇرج ئېلىپ مېڭىلغانلىقتىن، دەرۋازىغا ئۇدۇل بارسا بۇ بورجلارغا يۈزمۇيۈز توغرىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر دۈشمەن دەرۋازىغا قەست قىلىپ يۈگۈرسە، ئالدى ۋە ئارقىسىدىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن ئوق ۋە تاشلارنى ئوخشاشلا ئاتقىلى بولىدۇ. بۇنداق قۇرۇلمىلىق دەرۋازىلار ناھايىتى ئاز قەلئەلەردە كۆرۈلىدۇ.

مىرزا ئابابەكرى قەلئە ئەركىدە ئالىي ئىمارەتلەرنى قۇرۇپتۇ. مەھەللىلەردە 10 غا يېقىن باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. بۇ باغلاردا يەنە ئالىي ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپتۇ. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەربىرىدە 100 دىن ئۆي، بەزىلىرىدە 100 دىنمۇ كۆپرەك ئۆيلەرنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ گۈمبەز ۋە تەكچىلىرىنى گەجكارلىق، كاھىشكارلىق ھەم رەڭگارەڭ نەقىش ۋە سۈرەتلەر بىلەن بېزەپتۇ[④].» دەرۋەقە، ئەينى دەۋردىكى يەنە كۆلەم جەھەتتىن قەشقەر شەھىرىدىن چوڭ بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا «16 مىڭ قەشقەر، 32 مىڭ يەكەن» دېگەن سىمۋوللۇق ئىبارە تارقالغان. بۇ ئېھتىمال شەھەر ئىچىدىكى تۈتۈن (ئائىلە) نىڭ تەخمىنەن سېلىشتۇرمىسى بولسا كېرەك. يەكەن خۇددى ياۋروپالىق سەيياھ ماركوپولو تەسۋىرلىگەندەك:

---

① گەز — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ، بىر گەز 33 سانتىمېتىرغا باراۋەر.

② جەرب — يەر كۆلىمى ئۆلچىمى بولۇپ، بىر جەرب تەخمىنەن بىر تاناب (400 كۋادرات مېتىر) غا تەڭ.

③ ئەرك — ئىچكى قەلئە، يەنى مەخسۇس پادىشاھ ئۈچۈن قۇرۇلغان شەھەر قەلئەسى ئىچىدىكى قورغان ساراي، پادىشاھ قەسرى.

④ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخى رەشىدي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم 635 - بەت.

«ھەشەمەتلىك گۈزەل شەھەر، بۇ شەھەردە گۈزەل مەنزىرىلىك باغلار، شەھەر سىرتىدا كەڭ تۈزلەڭلىك بار. خەلق ئارزۇ قىلىدىغان ھەممە يەل – يېمىش، قوغۇن – تاۋۇزلار چىقىدۇ[1].»

يەكەننىڭ جۇغراپىيەلىك يەر تۈزۈلۈشى باغ – ئورمان بىنا قىلىشقا تولىمۇ ماس كەلگەچكە، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە شەھەر ئىچى ۋە ئۈنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا – بازارلاردا نۇرغۇنلىغان باغلار بىنا قىلىنغان. بۇ باغلارنىڭ كۆپ قىسمى خانلىققا تەۋە بولۇپ، خان جەمەتلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ يازلىق ئارامگاھى ئىدى. مەسىلەن، «شامالباغ»، «دۆڭباغ»، «ھەيدەرباغ»، شەھەرباغ»، «چىنىباغ»، «جاھانباغ»، «تېرەكلىكباغ»، «تېتىرباغ»، «ئازغانباغ»، «گۈلباغ»، «بېھىشباغ»، «ئويباغ»، «چارباغ»، «گۆرباغ»، «ئارسلانباغ»، «سايباغ»، «يېڭىباغ»، «قۇمباغ»، «نەزەرباغ»، «جىگدە باغ»، «قارا باغ»، «گۈزەلباغ»، «نۇرباغ»، «قۇشباغ»، «جايباغ»، «دۆلەتباغ»، «ھەسەلباغ»، «چەللىباغ»، «قومۇشباغ»، «يۇلغۇنباغ»، «تۆۋەن باغ»، «باغئېرىق»، «باغ هويلا»، «باغ مەھەللە»، «باغتوغراق»، «باغجىگدە»...... قاتارلىق باغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر – جاي ناملىرىدىن قارىغاندا، يەكەن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى باغ ئارقىلىق نامايان قىلغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يەنە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. يەكەن دەرياسى يەكەن شەھىرىنىڭ شەرقىي بىقىنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈيى ئەلۋەك، چوڭ دەريا بولغاچقا، كەلكۈندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە، بۇ دەريانىڭ قاشلىرىغا كۆپ قېتىم مۇستەھكەم مۇداپىئە تۇغانلىرىنى ۋە ئامبارلارنى قۇرغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يەكەندە ئېلىپ بېرىلغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاۋام خەلقنىڭ مەبلەغ توپلىشى بىلەن، بىر قىسىم ھۆكۈمەت

---

① «قەشقەر مەجمۇئەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2009 – يىلى نەشرى، 4 – بەت.

خەزىنىسىدىن مەبلەغ چىقىم قىلىش يولى بىلەن راسخوت ھەل قىلىنغان. مەسىلەن، يەكەن شەھەر ئەتراپىدىكى «قۇم ئۆستەڭ»، «ئودانلىق»، «ئوردا ئۆستەڭ»، «ئوردا ئېرىق»، «خانئېرىق»، «ياندۇرما خانئېرىق»، «خانكۆۋرۈك» قاتارلىق كەنتلەرنىڭ نامى ئەنە شۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمەت خەزىنىسى ھېسابىغا ئېلىپ بېرىلغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەكەنگە قاراشلىق 160 دىن ئارتۇق كەنتلەردە ئاۋام خەلقنىڭ مەبلىغى بىلەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ كەنتلەرنىڭ نامى ھازىرغىچە شۇ دەۋردە قېزىلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق قۇرۇلۇشلارمۇ مۇقەررەركى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ.

يەكەن شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى قۇرۇلما جەھەتتە قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن مەلۇم جەھەتتە پەرق قىلىدۇ. بۇ پەرق ئاساسەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى جەھەتتە ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆلىمى تار، ئاھالىسى زىچ بولغاچقا، ئۆيلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئۆگزىدىن - ئۆگزىگە ئاتلاپ پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىغان دەرىجىدە زىچ ئورۇنلاشقان. ھويلا - ئاران تار بولغاچقا، دەل - دەرەخ قويۇشقا ياكى مېۋىلىك باغچە بىنا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان. ئەمما، يەكەن شەھىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شەكلى تۈزلەڭ بولغاچقا، شەھەر ئىچىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى چوڭ، كۆپلىگەن تۇرالغۇ جايلار بىر يۈرۈش ئىچكىرى - تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ھەمدە ھويلا، باغ، گۈللۈك، قوتان، دەرۋازا، بالىخانا، يازلىق دەم ئېلىش ئۆيى، چايخانا قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلەردىن باشقا مېھمانخانا، ئايۋان ساراي، ياتاق ئۆي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. قەۋەتلىك ئۆيلەر يوق دېيەرلىك.

تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى قەشقەردىكى ئۆيلەرگە

ئوخشايدۇ. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى ئاساسەن كۇنپېتىشقا قارىتىپ ياسالغان. ھويلىلارنىڭ كۆپچىلىكى پېشايۋانلىق بولۇپ، پېشايۋان ئاستىغا سۇپا باغلانغان. پېشايۋاننىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۈزۈم بارىڭى ياسالغان بولۇپ، باراڭنىڭ ئالدىغا كۇنگۇرىلىك بىر مېتىر ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ھەرخىل گۇللەر تىزىلغان. باراڭنىڭ ئارقا تەرىپى كىچىكرەك باغچە بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە تۈپ سورتلۇق مېۋە دەرەخلىرى قويۇلغان. بەزى ھويلىلاردا يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك سەي - كۆكتات ئۆستۈرىدىغان ئېتىز بولغان.

ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسەن تۈڭلۈك، پەنجىرە - رۇجەكلەردىن ئىبارەت. بەزى بايلارنىڭ ئۆيلىرىلا ئەينەك دېرىزىلىك قىلىپ ياسالغان. ئۆيلەر ئاساسەن خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. سوقما تاملىق، ساتما شەكىللىك ئۆيلەرمۇ بار.

دېمەك، يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ۋە جامائەت پائالىيەت سورۇنلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. بىز بۇ تەرەققىياتلارنى خانلىقتا تەۋە پۈتكۈل شەھەرلەرنىڭ بىناكارلىق ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلغان تۆۋەندىكى يازما ۋەسىقىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز.

بۇ يازما يادنامە «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» (ھىجرىيە 951 - يىلى، مىلادىيە 1544 - ، 1545 - يىللىرى يېزىلغان) دېگەن قول يازمىدىن ھىجرىيە 1036 - يىلى (مىلادىيە 1626 - ، 1627 - يىللىرى) سەئىدىيەلەردىن 7 - نۆۋەتلىك تەخت ئىگىلىگەن ئەخمەتخان ئوغلى ئابدۇلتىپخان زامانىسىدا مۇھەممەت نىياز ئاخۇن دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان. يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى دائىرىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ پۈتۈن مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل تىزىملىكى بولغان بۇ ۋاراقنىڭ قەغىزى پاتلانغان سۈت قەغەز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 36.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر، 18 قۇر قومۇش قەلەم بىلەن چاغاتاي

خەتچىلىك ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. ۋاراقىنىڭ بېشىدىكى ئەرەبچە «3» دېگەن رەقەمدىن قارىغاندا، بۇ ۋاراق ئەسلىي كۆچۈرۈلمىنىڭ قوشۇمچە ئاخىرقى ۋاراقلىرىنىڭ داۋامىدىن بىر ۋاراق بولۇشى مۇمكىن؛ كۆچۈرگۈچىنىڭ نامى مەزكۇر ۋاراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىپ قويۇلغان ئۈزۈك يۈزلۈك تامغىدا كۆرۈلىدۇ. «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان»، يەنى مۇشۇ ۋاراق بۆلۈنگەن ئەسلىي كىتاب 1952- يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى مۇھەممەت ئېلىخان غوجا ئائىلىسىدىن تېپىلىپ، 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. مەزكۇر كىتابنىڭ پارچىسى بولغان بۇ يادنامە ۋاراقنى 1983 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى ئابلىز ھاجى ئوغلى دىلشاتتىن ئېلىپ، 1988- يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىدىكى «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئىچىدە ئېلان قىلغان. بىز يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتا مەزكۇر يازما يادنامىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن كوپىيەسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى قايتا ئېلان قىلدۇق.

يازما يادنامە

...... شەھەرنىڭ دەرۋازىسى① ئوتتۇز ئالتە، ھىندىمانلارنىڭ مەھەللىسى② سەكسەن بەش، مەھەللە مەسچىتى بەش يۈز سەكسەن

---

① 36 دەرۋازا — ھەر بىر شەھەرگە تۆتتىن جەمئىي توققۇز شەھەرگە تەۋەلىشىدۇ. بەزى يەرلىك تارىخچىلار بۇ توققۇز شەھەرگە: يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، پەرغانە، بەدەخشان، راجىدانلار (راجىدان شۇ چاغلاردىكى كەشمىرنىڭ پايتەختى ئىدى) نى سانايدۇ.

② ھىندىمانلار مەھەللىسى — شۇ زامانلاردا كەشمىر، بەدەخشان ۋە باشقا جايلاردا باشايدىغان ھىندى، ھىندى تىلىدا سۆزلەشكۈچى ۋە ھىندى دىنىدا

بەش، ھاممام① تۆت يۈز ئوتتۇز يەتتە، باقىندىنىڭ مەھەللىسى② ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن تۆت. مەكتەپخانا بىر مىڭ ئالتە يۈز توقسان، ئۆتىدىغان كوچا، يەر③ بىر مىڭ بەشيۈز سەكسەن تۆت، مەدرىسە بەشيۈز يەتمىش ئۈچ، خانىقا توققۇز يۈز قىرىق سەككىز، كۆل④ سەككىز يۈز ئوتتۇز بەش، ئاقابە ئېرىق⑤ ئالتە يۈز ئون سەككىز، كوچا، گۈزەر⑥ تۆت يۈز يىگىرمە تۆت، كارۋان ساراي بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە، تۈگمەن⑦ توققۇز يۈز توقسان ئىككى، ئېرىق - ئۆستەڭ⑧ بىر مىڭ بەش يۈز يىگىرمە بەش، جوھۇتلارنىڭ قەبرىلىسى⑨ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش تۆت، بازار بىر يۈز

---

بولغان ئاھالىلەر مەھەللىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. «مەھەللە» سۆزىگە بەزىلەر «كەنت» دەپ ئىزاھات بېرىشىدۇ. مېنىڭچە شۇ چاغلاردىكى كەنت ھازىرقى چاغلاردىكى «دادۇي» دىن چوڭ، يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىكنىڭ نامىدۇر.

① ھاممام — مۇنچا، سەرراپ، يۇيۇنۇش ئورنى. شۇ زامانلاردا تاش ھاممام، تام ھاممام، سۇ ھاممام، تەر ھاممام دېيىلىپمۇ كەلگەن.

② باقىندى مەھەللىسى — ئاۋام خەلق، رەئىيە، پۇقرالار مەھەللىلىرى. بەزى تەزكىرىلەردە، سەئىدىيە زامانلىرىنىڭ ئەمەلدار، ئۆلىما، دۆلەت، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، كاتتا، كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەرقاندىقى ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ھامان «باقىندى مەھەللە» لىرىدىن ئابرۇيلۇقلار تۇرالغۇ جايلىرىغا كۆچۈپ كېتىپ تۇرغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

③ ئۆتىدىغان كوچا، يەر — شەھەر، بازارلاردىكى سودا - سانائەت، ساياھەت، تەكشۈرۈش، بايقاش نۇقتىلىرى.

④ كۆل — خەلق سۇ ئىچىدىغان كۆل.

⑤ ئاقابە ئېرىق — يىل بويى سۈيى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق.

⑥ كوچا، گۈزەر — شەھەر، بازارلاردا ھەر بازار كۈنلىرى تازا قىزىپ بازار بولىدىغان، چوڭ سودا - سېتىق گۈزەر - رەستىلىرى.

⑦ تۈگمەن — سۇ تۈگمەنلىرى.

⑧ ئېرىق - ئۆستەڭ — پەسىللىك چاپما ئېرىق - ئۆستەڭلەر.

⑨ جوھۇتلار — بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئېيسا دىنىدىكى (خىرىستىيان دىنىدىكى) لەر شۇ زامانلاردا جوھۇتلار ياكى نىسارالار دەپ ئاتالغان. ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىگە كىرگەن پەرغانە، ئىسسىقكۆل ۋادىلىرى.

توقسان سەككىز، بۇلاق[1] بىر يۈز ئاتمىش ئۈچ، كىشى قاراپ بارىدىغان يەر، كېلىدىغان جاي[2] ئالتە مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەش، ئاھاڭگەرلىك يەر[3] بىر مىڭ بەشيۈز ئاتمىش تۆت، رۇشتەگەرلىك[4] يەر ئالتە يۈز قىرىق بىر، سودا قىلىدىغان دۇكان سەككىز يۈز سەكسەن توققۇز، بۆز توقۇيدىغان يەر[5] بەش يۈز يەتمىش توققۇز، مۆزە تىكىدىغان يەر[6] ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك، تۇماق ساتىدىغان يەر[7] بىر مىڭ يەتمىش بەش، ناۋايلىق دۇكان[8] سەككىز مىڭ يەتتە يۈز توقسان توققۇز، ئاشپەزلىك دۇكان[9] ئالتە يۈز

---

بەدەخشان، ۋاخان، كەشمىر، ھەتتا قەشقەرىيە تەۋەلىرىدىمۇ بۇ خىل تائىپىلەر بولغان.

① بۇلاق — كىشىلەر تەرىپىدىن قېزىلغان كارىزلار كۆزدە تۇتۇلغان.

② كىشى قاراپ بارىدىغان يەر، كېلىدىغان جاي — لەڭگەر، ئۆتەڭ، قونالغۇ جايلار.

③ ئاھاڭگەرلىك يەر — مېتالچىلىق ۋە مېتال پۇرۇشلۇق (تېپىش، مېتال تاۋلاش، ئايرىش ئورۇنلىرى بىلەن تۆمۈرچىلىك، چويۇنچىلىق، تۇچچىلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك، قۇيمىچىلىق...... كەسىپي ساھەلىرى، ھەر خىل قورال - ياراغ، سايمان، جابدۇق ياساش ئورۇنلىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ رۇشتگەرلىك — ئومۇمىي توقۇمىچىلىق ئورۇنلىرى (يۇڭ، پاختا، يىپەك، كەندىر توقۇمىچىلىق دۇكان، كارخانا ئورۇنلىرى، خالۋاپلىق، زىلچاۋاپلىق، ئىچمەكچىلىك، يەنى ئىپهات يوپۇقلىرى تەييارلاش...... خانلىرى).

⑤ بۆز توقۇيدىغان يەر — خام، چەكمەن، سەرگەز، شەتلەنگە، دەسمال، ئورامال، چوتا...... توقۇش ئورۇنلىرى ياكى كارخانىلار، دۇكانلار......

⑥ مۆزە تىكىدىغان يەر — موزدۇزلۇق ئورۇنلىرى.

⑦ تۇماق ساتىدىغان يەر — باش كىيىم تەييارلاش، تەمىنلەش، سېتىش ئورۇنلىرى.

⑧ ناۋايلىق دۇكان — ناۋايلىق كەسىپىنىڭ ھەر خىللىرى بويىچە كەسىپ قىلغۇچى ئورۇنلار.

⑨ ئاشپەزلىك دۇكان — ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرى بولۇپ، ھەربىي، مۇلكىي، خارجى، ئىلمىي، دىنىي، كەسپىي گورۇھلار، مېھمانلار (ھۆكۈمەتتىن كۈتۈلىدىغان

قىرىق، باقالىلىق دۇكان بىر يۈز ئون ئىككى، سامبۇساخانا[1] يەتمىش ئۈچ، پۇزۇل[2] بەش مىڭ سەككىز ئاتمىش تۆت، مەقپىرزارلىق[3] بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە، قىمارخانا يەتتە يۈز سەكسەن، هاراقخانا[4] توققۇز يۈز يىگىرمە ئۈچ، بوزاخانا ئۈچ يۈز ئون ئالتە، لولەخانا[5] يەتمىش توققۇز، جوهۇتلارنىڭ بۇتخانىسى[6] يەتتە يۈز قىرىق بەش، تەرسالارنىڭ بۇتخانىسى[7] ئالتە يۈز ئاتمىش ئۈچ، يەهۇدىيلارنىڭ بۇتخانىسى[8] بەش يۈز قىرىق ئالتە، مولتانلارنىڭ بۇتخانىسى[9] سەكسەن سەككىز، هىندىلارنىڭ

---

كىشىلەر) هۆكۈمەت ھېسابىدىن تائاملىنىدىغان چوڭ، ئالىي، خاس ئاشخانىلار ياكى دۇكانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

① سامبۇساخانا ــــ سامسا، گۆشگىردە، پەرمۇدە، تونۇر كاۋاپچىلىقى...... بىلەن كەسپلەنگەن دۇكان ۋە خانىلار.

② پۇزۇل — جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسپىي تىجارەت ئاشخانىلىرى.

③ مەقپىرزارلىق — مۇسۇلمانلار زاراتگاھلىقى، قەبرىگاھلىقى، قەبرىستانلىقى.

④ هاراقخانا — هاراق ئىشلەش، تارقىتىش، سېتىش ئورۇنلىرى.

⑤ لولەخانا — نىكاھسىز شەھۋانىي جۇپلەشكۈچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان خاس ئىمكانىيەتلىك ئورۇنلار.

⑥ جوهۇتلارنىڭ بۇتخانىسى — خىرىستىيانلارنىڭ ئىبادەت ئورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

⑦ تەرسالار— شۇزامانلاردا چەرچەن، ئالتۇنتاغ، ماڭاي، تىمبۇلاق، ئاقساي، چايدام، كۆكشىلتاغ تىزمىلىرى، لوپنۇر، بايىنبۇلاق، تۇرپان، قۇمۇل...... تەرەپلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇر، سېرىق ئۇيغۇرلار، سارت موڭغۇل (موڭغۇل ئۇيغۇر) لار ئىسلام دىنىغا كىرمەي، كونا دىنلىرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «تەرسالار»، «جاھىللار» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن تارىخىي دەلىللەر بار.

⑧ يەهۇدىيلارنىڭ بۇتخانىسى — هازىرچە ئېنىق ئىزاهلاش مۇمكىن بولمىدى.

⑨ مولتانلار — شۇ زامانلاردا ئۆتكەن بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەۋلادلىرى هازىر سوۋېت يېرىدە ياشايدۇ. قەشقەرىيە تەۋەسىدە

بۇتخانىسى[1] ئۈچ يۈز ئەللىك يەتتە بولۇر ئىكەنلەر دەپ ھەرقايسىسىنى ئۆز دەپتىرىدە شۇنداق پۈتكەن ئىكەنلەر. بىزلەر ھەم شۇڭا قاراپ پۈتۈپ قويدۇق. ۋاللاھۇ ئەلەم بىسسۇاب. سىنە (ھىجرىيە يىلى) 1036. يەكەن خانلىقى دەۋرى ئىسلام دىنىي پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت ئىگىلەشنى كۆزلىگەن پۈكۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە رايونلىرىدىن يەكەن ۋە قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىۋالغان مەختومى ئەئزەم ئەۋلادلىرى باشچىلىقىدىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ سىياسىي، دىنىي پائالىيەتلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇرىت توپلاشتا ۋە سوپى - ئىشانچىلىق مەزھىپىنى تارقىتىشتا مەسچىت - خانىقالار، مازارلار ۋە مەدرىسەلەردىن پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بۇ خىل دىنىي مۇئەسسەسەلىرى بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ كۆپەيگەنلىكى مەلۇم. بەزى مەنبەلەردە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تەۋەسىدە مەدرىسەلەرنىڭ سانى 573 كە، مەسچىتلەرنىڭ سانى 585 كە يەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن[2].

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە «ئالتۇن مەسچىت» (1533 - يىلى)، «يەكەن جامە مەسچىتى» (1638 — 1669 - يىللىرى كېڭەيتىپ ياسالغان)، «ئازنا مەسچىت» قاتارلىق داڭلىق مەسچىتلەر ياسالغان بولۇپ، بۇ مەسچىتلەرنىڭ ئىچىدە مەدرىسەمۇ بولغان. «ئازنا مەسچىت» ئۇزۇنچاق چاسا شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ دىيامېتىرى 2.9 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 مېتىر كېلىدىغان 51 كىچىك گۈمبەز، دىيامېتىرى 7.9 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر

---

بولغانلىرى 18 - ئەسىرلەردە كۆچۈپ كەتكەن. ھازىرقى چاغلاردىكى «مولداۋان» لار شۇلار بولسا كېرەك. بەزىلەرنىڭ ئەسلەشلىرىچە، ئۇلار تارىختا قاراقۇرۇم سىگانلىرى دەپمۇ ئاتالغانمىش.

① ھىندىلارنىڭ بۇتخانىسى — ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى.

② ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 258 -، 259 - بەتلەر.

كېلىدىغان بىر چوڭ گۈمبەزدىن تەشكىل تاپقان. مەسچىت پېشايۋان، مېھراب، مۇنبەر، چوڭ دەرۋازا، پەشتاق، مۇنار، قورۇق، ھويلا ۋە ئارقىسىدىكى «خان مەدرىسە» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

يەكەندىكى مازارلار ئىچىدە كۆلىمى چوڭ، ياسىلىشى ئۆزگىچە، تەسىرى زور بولغان مازار يەكەندىكى «ئالتۇن دەرۋازا» نىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان «ئالتۇنلۇق مازىرى» دۇر. بۇ مازار «ئالتۇن مازار» (يەكەن خانلىقى خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى)، «ئالتۇن مەسچىت»، «ئالتۇن دەرۋازا»، «ئالتۇن كۆل» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مازارغا يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى خان ئابدۇللاخان (1635 ــ 1667 ـ يىللىرى) قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق زاتلىرى دەپنە قىلىنغان. شۇڭا، ئاشۇنداق بۈيۈك زاتلار شەرىپىگە قۇرۇلغان بۇ مازار ئەتىۋارلىنىپ «ئالتۇنلۇق مازار» دەپ ئاتالغان. بۇ مازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. «ئالتۇنلۇق مازىرى» نىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى «ئالتۇن مازار» ئۆز ئىچىدىن بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈپ ياسالغان، ئۇنىڭ خانلار ۋە خان جەمەتلىرى دەپنە قىلىنغان بۆلىكى خىش تام ۋە ياغاچ ۋادەك ـ پەنجىرىلەر بىلەن ئايرىم دائىرە ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئالدىغا رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن دەرۋازا ئورنىتىلغان. ئىچىگە ئاستى ـ ئۈستى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىلەر رەت ـ رەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تام ۋە قەبرىلەرنىڭ سىرتى ھەرخىل نۇسخىدا گەج ئويما نەقىش ۋە قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك خىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئالدىغا رەڭگارەڭ تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان. مازارنىڭ تۇنەكخانىلىرى ئايرىم ياسالغان بولۇپ، پۈتۈن مازارغا ناھايىتى سۈرلۈك دىنىي تۈس بېرىدۇ. ئومۇمەن يەكەن «ئالتۇنلۇق مازىرى» شىنجاڭدىكى مازارلار ئىچىدە ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى ئۆزگىچە بولغان تەسىرى زور مازارلارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا، بۇ مازار 1990 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت

يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلانغان ئىچكى مۇقىمسىزلىق، ئىجتىمائىي، سىياسىي داۋالغۇش، غوجا - ئىشانلار، ياقۇپبەگ قاتارلىق چەت ئەل باسمىچىلىرىنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە نامراتلىقنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىق سەلبىي ئامىللار تۈپەيلىدىن پۈتۈن شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا تىلغا ئالغۇدەك نەتىجىلەر بارلىققا كېلەلمىدى. بۇنداق قاتاللىق ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشتى.

مىلادىيە 1775 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى 70 نەچچە يىللىق ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى ھەمدە شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كەلتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاتمۇقات زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئىچىدە داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئەسكىرىي مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، شەھەر - بازارلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا ھەربىي گازارما قۇرۇپ، ئۇنى ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشىدى. بۇ ھەربىي گازارمىلاردا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن سىرت يەنە يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بىر قىسىم سودىگەر، بايلار تەبىقىلىرى تۇراتتى. گازارما سېپىلىنىڭ سىرتىدا قول ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ۋە پۇقرالار ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇنداق يېڭى گازارمىلىق شەھەرلەر تارىختا «يېڭى شەھەر» (新城) «يېڭى ھىسار» (يېڭى قەلئە) ئەسلىدىكى شەھەرلەر بولسا «كوناشەھەر» (老城) ياكى «回城» (مۇسۇلمانلار شەھىرى) دەپ ئاتالغان. بۇنداق يېڭى بىنا بولغان ھەربىي گازارما قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (خەنزۇلارنىڭ) ئەنئەنىۋى بىناكارلىق شەكلىنىڭ تەسىرى قويۇق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە سوخۇدا قۇرۇلغان

هەربىي گازارمىلاردىكى راۋاق شەكىللىك ئىمارەتلەر، قەشقەر شەھىرى بولاقبېشى مەھەللىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك راۋاقلار، يېڭىساردا قۇرۇلغان چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىدىكى راۋاقلىق ئىمارەتلەر...... بۇنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتى توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى ئىچىدىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تاللاپ ئەمەل بېرىپ قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە مۇشەررەپ قىلغان ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بۇ ساھەدىكى خىزمەتلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر شەھىرى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلگەن. شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى رەتلەنگەن، بازار ـ رەستىلەر، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك مۇلازىمەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، شەھەر قىياپىتى يېڭىلانغان، كارۋان ۋە سودا سارايلىرى كۆپەيتىلگەن. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە يەنە «ھېيتگاھ جامەسى» يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن ۋە كېڭەيتىلگەن. بولاقبېشى مەھەللىسىدىكى بولاقلار ۋە راۋاقلار تەرتىپكە سېلىنغان، جانقورغان ئىچكى سېپىلى ياسالغان، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئۆستەڭبويى مەھەللىسىگە كۆلىمى 1250 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر تاشقى شەھەر بىنا قىلىنىپ، ئۇ «يۇمىلاق شەھەر» دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەرچە ئاساسەن شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغۇچى قىسىم ئورۇنلاشقان گازارما بولۇپ، تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان ھەمدە گازارما دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چوڭ كۆل كولانغان بولۇپ، «يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى» دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا توختالغاندا، باغ بىلەن ئىمارەت بىر گەۋدىلەشكەن ھەشەمەتلىك خان ئوردا ـ قەسىرلىرى ۋە يۇرت

بەگلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدىن باشقا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئاپاق غوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 02′ °76 — 01′ °76 بىلەن شىمالىي پاراللېل 30′ °39 — 29′ °39 قا توغرا كېلىدۇ (قەشقەر شەھەر مەركىزىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا). ئۇ مەدرىسە، چوڭ كۆل، كىچىك كۆل (شەربەت كۆل)، ئالتۇن دەرۋازا (پەشتاقلىق مۇنار)، ياسىداق مەسچىت (ئېگىز مەسچىت)، ئۆي مەسچىت، قەبرىگاھ، كۆك گۈمبەز، تىلاۋەتخانا، جۈمە مەسچىتى (ئازنا مەسچىت)، ئۈجمىلىك باغ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 49 مىڭ 950 كىۋادرات مېتىر (75 مو) كېلىدۇ.

بۇ مازار دەسلەپ 1640 ـ يىللىرى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان «ئىشقىيە» مەزھىپىدىكى «ئاق تاغلىق» غوجىلارنىڭ ئاددىي زاراتگاھلىقى ئىدى. مىلادىيە 1670 ـ يىلى يەكەننى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە» (قارا تاغلىقلار) گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى غوجا شادى «ئىشقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى بولغان خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، غوجا ھىدايىتۇللا (ئاپاق غوجا) دادىسىنىڭ جەسىتىنى يەكەندىن ئېلىپ قېچىپ، قەشقەردىكى ئۆزلىرىنىڭ زاراتگاھلىقى ياغدۇ (ھەزرەت) غا دەپنە قىلغان. «ئاپاق غوجا مازىرى» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلانغان چوڭ گۈمبەزلىك قەبرىگاھ ئەنە شۇ غوجا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ دەپنە قىلىنىشى بىلەن ياسالغان. كېيىن «ئىسھاقىيە» گۇرۇھى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. مىلادىيە 1682 ـ يىلى (بەزى مەنبەلەردە 1679 ـ يىلى دېيىلگەن)[1] سوپىلارنىڭ

---

① راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى، 23 ـ بەت.

پىرى، «ئىشقىيە» گۇرۇھىنىڭ كاتتىبېشى ئاپاق غوجا جۇڭغارلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىلخاننى ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جۇڭغارلارغا بېقىندى ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن مازارنى كېڭەيتىپ ياساتقان. مىلادىيە 1692 - يىلى بۇ مازارنى ئاپاق غوجىنىڭ ئوغلى يەھيا غوجا يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان ۋە ھەشەمەتلىك بېزەپ رېمونت قىلدۇرغان. مىلادىيە 1694 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئاپاق غوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەزكۇر مازارغا دەپنە قىلىندى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «ئاپاق غوجام مازىرى» دەپ ئاتالدى، ئاپاق غوجىنىڭ چەۋرىسى ئىپارخان (ئەسلىي ئىسمى مەمۇرى ئىزىم پاشا) مۇ مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان دېگەن تارىخىي رىۋايەتكە ئاساسەن، ئۇ يەنە «ئىپارخان (شياڭفېي) مازىرى» دېگەن نام بىلەنمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇردۇر.

بۇ مازارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشى ھېسابلانغان چوڭ گۈمبەزگە ئاپاق غوجىنىڭ دادىسى غوجا مۇھەممەت يۈسۈپ باشلىق ئالتە ئەۋلاد 72 غوجىنىڭ جەسىتى ئارقا - ئارقىدىن دەپنە قىلىنىپ، چوڭ بىر قەبرىلەر توپىنى ھاسىل قىلغان. بۇ مازار بىنا بولغاندىن تارتىپ، 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغىچە نۇرغۇن قېتىم قىسمەن ياكى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنغانلىقى مەلۇم. «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسەردە قەيت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن 1795 - يىلى چيەنلۇڭ خان بۇ مازارنى قوغداش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن ھەمدە دۆلەت خەزىنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتىپ ياساتقان. تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلانمىغان مەنبەلەرگە قارىغاندا، چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىپ پايتەخت بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن غوجا ئەۋلادلىرىدىن تۇردى خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۇنىڭ خوتۇنى سودەيشاڭ (مانجۇ، ئۇيغۇرچە

ئىسمى دىلشات خېنىم) ئېرىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ «ئاپاق غوجا مازىرى» غا دەپنە قىلغان ۋە پۇل چىقىرىپ چوڭ گۈمبەزنىڭ ئەتراپىنى تۆت چاسا قىلىپ قايتا ياساتقان. بۇ ھەقتە شەربەت كۆل بېشىدىكى دەرۋازا پەشتىقىغا ئويۇلغان 6 كۇپلېت مەسنەۋىنىڭ 3 ـ كۇپلېتىدا دىلشات ئىسىملىك بۇ مەلىكىنىڭ جياچىڭ سەلتەنىتىنىڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيە 1811 ـ يىلى) بۇ مازارنى 3 ـ قېتىم قايتا رېمونت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان[①]. 1902 ـ يىلىدىكى ئاتۇش ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتىدە چوڭ گۈمبەزنىڭ ئۈستى تەرىپى چۈشۈپ كەتكەچكە رېمونت قىلىنىپ، گۈمبەز قايتا قوپۇرۇلغان. 1956 ـ يىلى ھۆكۈمەت مەبلىغى بىلەن ئەسلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ، تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن 1972 ـ يىلى ۋە 1982 ـ يىللىرى مازار يېنىدىكى ئېگىز مەسچىت ۋە چوڭ گۈمبەزنىڭ چوڭ دەرۋازىسى قايتا رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەنگەن. ئاپاق غوجا مازىرى تارىختا گەرچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئورنى ۋە ياسىلىش ئۇسلۇبىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. 2009 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن دۆلەت مالىيەسىدىن خېلى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك كاتتا رېمونت قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چۈنكى، بۇ مازار ئېلىمىز بويىچە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان ناھايىتى زور تارىخىي، ئىلمىي، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بۈيۈك قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ مازار 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

---

[①] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.

1988 ـ يىلى گوۋۇيۇەن تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن. نۆۋەتتە بۇ ئورۇننى «خەلقئارا ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئورنى قىلىش ھەققىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا ئىلتىماس سۇنۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتىدۇ.

بۇ مازارنىڭ شۇنچىلىك ئەتىۋارلىنىپ «مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» بولۇپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مازارغا دەپنە قىلىنغان غوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىختا ئىجابىي خىزمەت كۆرسەتكەن بۈيۈك شەخسلەر بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ مازارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە جەلپكارلىقىدىن ئىبارەت، خالاس.

مازارنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى جەھەتتىن ئالغاندا، مىرزاشاھ مەھمۇت جوراس (17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان) نىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 200 مو (بەزى مەنبەلەردە 300 مو دېيىلىدۇ) بولۇپ، چوڭ گۈمبەزنى يادرو قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن پۇقرالار قەبرىستانلىقى، مازار ئالدىدىكى كاتتا جامە مەسچىتى، خانىقا، مەدرىسە، كۈتۈشخانا، ئېتىكاپخانا، كۆل ۋە كۆل بويىدىكى سەيلىگاھ مەيدانى، ئۈجمىلىك باغ قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەتراپىدىكى يۇرتلاردىن بۇ مازارغا ۋەخپە قىلىنغان يەر كۆلىمى 43 مىڭ 470 مو، تۈگمەن 48، قورۇق 15، يەنە دۇكان ۋە باغ قاتارلىقلار بار.

چوڭ گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 26.5 مېتىر، دىيامېتىرى 17 مېتىر بولۇپ، تۆت چوڭ ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان. چوڭ ئەگمىنىڭ ئارىلىقىغا تۆت كىچىك ئەگمە چىقىرىلغان، جەمئىي 8 ئەگمە ئارقىلىق مۇئەللەقتە تۇرغان يۇملاق شەكىلدىكى گۈمبەز

هاسىل بولغان. گۈمبەز ئەگمىسى ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدىكى خىش قۇرۇلمىلىق ئايلانما ئىمارەت ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە ئىككىنچى قەۋەتتىن سىرتقا قارىتىپ ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە ئېچىلغان. مازارنىڭ تاشقى يۈزى كۆك، يېشىل، توق سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان بولۇپ، كاھىشلارنىڭ نەقىش نۇسخىسى 70 خىلدىن ئاشىدۇ. مازارنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان بولۇپ، ئېگىز، مۇستەھكەم ياسالغان. دەرۋازىنىڭ ئالدى يۈزىگە ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ كۆركەم ئۈلگىلىرى ئويۇلغان. مازارنىڭ تۆت بۇرجىكىگە يۇملاق ئېگىز مۇنار چىقىرىلغان، غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي، قالغان ئۈچ بۇرجىكىگە ئىچىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ياسالغان.

قەبرىگاھ ئىچى كەڭ، ئازادە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز سۇپىغا چوڭ ـ كىچىك قەبرىلەر رەت ـ رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى غوجا مۇھەممەت يۈسۈپ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئاپاق غوجىنىڭ قەبرىسى قاق ئوتتۇرىغا جايلاشقان ھەم باشقا قەبرىلەردىن چوڭ، ھەم ئالاھىدىرەك ياسالغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلىرى ئاپاق غوجا ئۇرۇق ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئۈستى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزىلىپ، ئۈستىگە يىپەك يوپۇقلار يېپىلغان. گۈمبەز ئەتراپىدىكى تار، ئۇزۇن كارىدور ۋە چوڭ ـ كىچىك ئەگۈنلەر گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدە ئۆزئارا قوشۇلۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىچى ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك تۈس ئالغان. ئېتىكاپخانا زالى تۆت چاسا، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 مېتىر، دىيامېتىرى 11.6 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ تۆت قەۋەت ئۇچلۇق ئەگمە تەكچە چىقىرىش ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۈستىگە گۈمبەز قوندۇرۇلغان، گۈمبەز سىرتىغا يېشىل كاھىش چاپلانغان. كايىۋان ياغاچ تۈۋرۈك ۋە

لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان، تۈۋرۈك ۋە لىم ياغاچلارغا ئويما نەقىش ئويۇلغان. ئالدى تەرىپى ياغاچ ۋادەك بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

چوڭ مەسچىت (ئازنا مەسچىت) نىڭ ئالدى تەرىپى 70 تال ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈستى ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان، بۇ پېشايۋاننىڭ ئارقىسى ۋە ئىككى يان تەرىپى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان گۈمبەز تورۇسلۇق زالدىن تەركىب تاپقان. مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىنچىكە، ئېگىز مۇنار ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس ياسالغان بولۇپ، بۇ مەسچىتتە كۆپىنچە جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامازلىرى ئوقۇلىدۇ. مەسچىتنىڭ پېشايۋىنى ۋە زالىدا بىر قېتىمدىلا 10 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

«ئاپاق غوجا مازىرى» ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك ئۆلگىسى بولغاچقا، ئۇ ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ جەلپكار زىيارەتگاھىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇرۇن (1953 ـ، 1954 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئاپاق غوجا مازىرى» نى تاۋاپ قىلىشنى نىشانلىغان «ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتالغان ئاممىۋى سەيلە پائالىيىتى ھەر يىلى ئۆجمە پىشقاندىن ئۆرۈك پىشقانغا قەدەر (5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نەچچە ئون مىڭ كىشى بۇ سەيلىگە قاتنىشىپ كەلگەن. «ھەزرەت سەيلىسى» ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. بۇ سەيلە نوقۇل دىنىي پائالىيەت بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا، «ھەزرەت سەيلىسى» نى قەشقەر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق كۆزنىكى دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

بىز بۇ يەردە ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بىلەن ئانچە زىچ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، تارىخىي ماتېرىياللار سۆپىتىدە ئۇزاقتىن بۇيان تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان بىر مەسىلە، يەنى «ئاپاق غوجا مازىرى» غا دەپنە قىلىنغان دەپ ئىپارخاننىڭ كىملىكى ھەققىدە كىتابخانلارغا قىسقىچە ئۇچۇر بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

ئىپارخاننىڭ نەسەبى ۋە ھاياتى ھەققىدە ھازىرغىچە بەس - مۇنازىرىلىك مەلۇماتلار بار. مەشھۇر تارىخچى مۇھەممەت سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىدە: «ئاپاق غوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) ئىككى ئايالىدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن. ئاپاق غوجىنىڭ مۆھتەرەم خېنىم دېگەن ئىككىنچى ئايالىدىن ئاپاق ئېزىم خېنىم پاشا ۋە قەمبەر خېنىم پاشا دېگەن ئىككى قىزى بار ئىدى. ئاپاق غوجا ھايات ۋاقتىدا ئاپاق ئېزىم پاشا دېگەن قىزىنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى كارامىتۇللا غوجىنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۆئمىنگە ياتلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىپاك غوجا، پارسا غوجا ئاتلىق ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان. پارسا غوجىنىڭمۇ غوجا كاخش ۋە تۇردى غوجا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى ۋە مەمۇرى ئېزىم پاشا ئىسىملىك بىر قىزى بولغان. مەمۇرى ئېزىم پاشا ناھايىتى گۈزەل ۋە خۇش لاتاپەتلىك قىز بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن خۇش پۇراق ئىپار ھىدى تارقىلىپ تۇرغاچقا «ئىپارخان» دەپمۇ ئاتالغان دەپ يازىدۇ. دېمەك، بۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ئىپارخان ئاپاق غوجىنىڭ چەۋرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەسەب سىخېمىسى مۇنداق

▽ غوجا مەخدۇم ئەئزەم (غوجا ئەھمەد كاسانى)

▽ غوجا مۇھەممەتئىمىن (ئىشان كالان)

▽ غوجا مۇھەممەت يۈسۈپ

▽ ئاپاق غوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان)

▽ ئاپاق ئېزىم خېنىم پاشا (ئاپاق غوجىنىڭ قىزى)

▽ پارسا غوجا

▽ مەمۇرى ئېزىم پاشا (ئىپارخان)

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ خادىمى ئېرپان توختىيوف[1] بىلەن شامىل ھاجى ئالماس بېكوفلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ھۆججەتلىك قىسسە — «ئىپارخان» ناملىق ئەسەردە، ئىپارخاننىڭ 1734 - يىلى تەۋەللۇت تاپقانلىقى ۋە ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى سەردارى يەھيا غوجىغا ياتلىق بولغانلىقى، 1758 - يىلى يەھيا غوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يېزىلىدۇ. لېكىن، بۇ بايانلار تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە «مىلادىيە 1682 - يىلى غالداننىڭ ياردىمى ئاستىدا تىكلەنگەن «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەھدى «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. غوجا شۇئەيبە («ئىسھاقىيە» گورۇھىنىڭ پېشىۋاسى غوجا شادى غوجىنىڭ نەۋرىسى) غوجىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى دانىيال غوجا كاساندىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئۇ ئاپاق سۇلتان («ئاق باش خان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسمايىلخاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى) نىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئاپاق غوجا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى قايتا تىكلىدى، شۇنداقلا «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. ئاپاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى يەھيا غوجا ۋە غوجا مەھرى قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى، ھەتتا ئاپاق غوجىنىڭ خانىشى خانىم پاشا (جاللات خېنىم) مۇ ئاپاق غوجىنىڭ بورۇنقى دولانەدىكى يانچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى[2]» دېيىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا،

---

① ئېرپان توختىيوف، شامىل ھاجى ئالماس بېكوف: «ئىپارخان»، 2006 - يىلى ئىستانبۇل نەشرى 26 - ، 31 - بەتكە قارالسۇن.

② ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىل، 991 - 992 - بەتلەر.

ئاپاق غوجا مىلادىيە 1694 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنىڭ كاتتىبېشى غوجا شۇئەيب تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى يەنە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى غوجا يەھيا بىلەن غوجا مەھرىلەرمۇ دانىيال غوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كەسكىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىپارخاننىڭ ئېرى تارىختىكى ئاپاق غوجىنىڭ ئوغلى يەھيا غوجا ئەمەس. ئېھتىمال باشقا بىر «يەھيا غوجا» بولۇشى ياكى مۇئەللىپلەرنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولۇشى ئېھتىمال.

بوۋىسى ئاپاق غوجىدىن 105 يىل كېيىن تۇغۇلغان ئىپارخاننىڭ تەقدىرى باشقىچە بولدى. بوۋىسى ئاپاق غوجا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆزىنىڭ دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ۋەتەن، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ساتقان مىللىي مۇناپىق بولغان بولسا، ئىپارخان ئۇنىڭ ئەكسىچە، يۇرت ۋە مىللەتنىڭ ھۆر- ئەركىنلىكى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشقان غۇرۇرلۇق ۋە ۋىجدانلىق مىللىي قەھرىمان ئىدى. ئۇ ئۆمۈرلۈك يولدىشى جەڭدە قازا تاپقاندىن كېيىن، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەرەنچە ياسىنىپ جاۋخۇي ۋە پۇدېيلار باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى باسمىچىلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئىپارخان باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن يەكەننى مۇداپىئە قىلىش جېڭىدە، ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىشتا، يەكەن ۋە قاراسۇ دەريالىرى بويلىرىدىكى كەسكىن جەڭلەردە، پامىر تېغى ۋە ئۇنىڭ ئېگىز ـ پەس ئېدىر، جىلغىلىرىدا، بەدەخشانغا ئۆتىدىغان تاغنىڭ يىلان ئىزى يوللىرىدا ۋە بەلەنت چوققىلىرىدا چىدىغۇسىز مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك جاسارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۈچ نىسبىتىدىكى بۇ جەڭلەردە بەدەخشاننىڭ ھاكىمى ئەھمەد شاھنىڭ خائىنلىق قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ قوشۇننىڭ باش سەردارى بولغان ئاكا ـ ئۇكا بۇرھاندىن غوجا بىلەن جاھانگىر

غوجىلارنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ، ئىپارخاننى ئەسىرگە
ئالىدۇ. چىن قوشۇنىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان
قوماندانلىرى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك تاماملانغانلىقىنى چىڭ
خاقانىغا يەتكۈزۈپ، چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىنئامىغا ئېرىشمەك ئۈچۈن
ئاكا - ئۇكا غوجىلارنىڭ كېسىلگەن باشلىرى بىلەن ئەسىرگە
ئېلىنغان ئىپارخاننى بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ كىلىدۇ.

ئۆزىنى دۇنيادا ھەممىدىن غالىب دەپ ھېسابلايدىغان
چيەنلۇڭ خان بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت
قىلغان بۇ «مەھبۇس» لارغا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە
سالاپىتىنى كۆرسىتىپ ھەيۋە قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە چيەنلۇڭ
خان بارلىق ئوردا ئاكابىرلىرىنى باشلاپ، ئىپارخان باشچىلىقىدىكى
بۇ «غەربىي يۇرت» لۇق ئەسىرلەرنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. بۇ خاقان
يەرگە باش ئۇرۇپ، ئۆزىگە سەجدە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا قەددى -
قامىتىنى تىك تۇتۇپ، خاقاننى قىلچە مەنسىتمەي مەغرۇر باش
كۆتۈرۈپ تۇرغان ھۆر- پەرىگە — ئىپارخانغا نەزەرى چۈشۈش بىلەن
تەڭ، چيەنلۇڭ خاننىڭ ۋۇجۇدى شامدەك ئېرىپ، قەھرلىك
قەلبىنى قانداقتۇر شۇملۇق بىلەن تولغان بىر شېرىن خىياللار
چۇلغىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىپارخاننىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى
ۋە بەدىنىدىن تارقالغان خۇش پۇراق ئىپار ھىدى تەسىرىدە
مەستخۇش بولغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننى ئۆزىگە خانىشلىققا
(تەنمەھرەملىككە) كۆندۈرمەكچى بولۇپ، ئوردىغا ئېلىپ كېتىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، چيەنلۇڭ خان ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا
ئىپارخاننىڭ مەپتۇنىغا، ئىپارخان بولسا چىڭ خاقانى ئارزۇ قىلىپ
يېتەلمەيدىغان ئىشق - مۇھەببەت مەبۇدىسىگە ئايلىنىدۇ. قىيىن
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننى ئۆزىگە رام
قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن بارلىق چارە -
تەدبىرلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئىپارخاننىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچ - ئاداۋەت
ۋە دۈشمەنلىكنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق تەلىپىنى بەجا
كەلتۈرۈشكە ۋەدە قىلىپ خۇش مۇئامىلە، مېھىر - شەپقەت،

يۇقىرى ھۆرمەت ۋە تىل ياغلىمىچىلىقى قىلىشقا باشلايدۇ، ھەتتا پايتەختتىكى «يۈەنمىڭيۈەن» ناملىق خان سارىيى بىغىنىڭ بىر تەرىپىگە مەسچىت سېلىپ بىر ئۇيغۇرلار مەھەللىسى بىنا قىلدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ مەھەللىگە قەشقەردىكى ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قوشنىلىرىدىن جەمئىي 108 ئائىلە (705 كىشى) نى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ مەھەللە «قىزىل دوپپىلىق مۇسۇلمانلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ[1].

تارىخچى جىن داجوڭ ئۆزىنىڭ «ئىپارخاننىڭ ئوردىدىكى ھاياتى» ناملىق ماقالىسىدە: «بۇ مەھەللىدىكى ئىمارەت ۋە مەسچىت 20 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ساقلانغان بولۇپ، 1911 - يىلى چىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۈەنشىكەي جۇمھۇرىيەت رەئىسى بولغان دەۋردە بۇزۇپ تاشلانغانىدى[2]» دەپ يازىدۇ.

چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئوردىغا قەشقەردىن مەخسۇس ئاشپەزلەر كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تائاملىرى چيەنلۇڭ خانغا يېقىپ قالغاچقا، ئاشپەزلەر خاننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى[3].

يەنە بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، چيەنلۇڭ خان ئىپارخان بىلەن بىۋاسىتە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى» ئۆگىنىشكە تەقەززا بولۇپ، ئىپارخاننى تىل ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە (1736 — 1796) ئېلىمىزدىكى بەش

---

① «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى، 191 - بەت.

② «يىپەك يولى ساياھىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 1989 - يىللىق 6 - سان، 36 - بەت، 307 - بەت.

③ «يىپەك يولى ساياھىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 1989 - يىلى 6 - سان، 36 - بەت، 307 - بەت.

چوڭ مىللەت (خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت) تىللىرىدا بەش تىللىق لۇغەت تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار» نى چيەنلۇڭ خان ئۆز قولى بىلەن تەھرىرلىگەنلىكى مەلۇم[1]. ئىش قىلىپ، چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن 28 يىل (ئىپارخان بېيجىڭ خان سارىيى ئوردىسىدا 28 يىل «مەھبۇس» بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ) ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ئىپارخاننى زادى تىز پۈكتۈرەلمىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت: «چىڭ سۇلالىسى تارىخى تەزكىرىسى»، «چىڭ سۇلالىسى تارىخى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «چىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق مەنبەلەردە چيەنلۇڭ خاننىڭ «ئىشق - مۇھەببىتى» گە قارشى، ئىپارخاننىڭ خاقانغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم تارىخچى ئالىملىرى، يازغۇچى ۋە دراماتورگلىرى چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، رىۋايەتكە ئايلانغان «ئىپارخان تىراگېدىيەسى» ھەققىدە ماقالە، دراما، كىنو سىنارىيەلىرى ۋە قەسىدىلەر يازغان. يازغۇچى يۈشەنفۇ ئۆزىنىڭ «ئىپارخان ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە، 1950 - ، 1951 - يىللىرى بېيجىڭ تىياتىرلىرىدا «ئىپارخاننىڭ غەزىپى» ناملىق ھۆججەتلىك سەھنە ئەسىرى ئوينالغانلىقىنى، بۇ ئەسەردە ئىپارخاننىڭ چيەنلۇڭ خانغا باش ئەگمەي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ئېرى ۋە خەلقىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قالغان، جەسۇر ۋە ئىپپەتلىك ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى يازغان[2]. بېيجىڭدا شۇ يىللىرى ئوينالغان «ئىپارخان» ناملىق

---

① «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى I - توم، 10 - بەت.

② «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى، 17 - بەت.

يەنە باشقا بىر سەھنە ئەسىرىدىمۇ ئىپارخاننىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى، چىڭ خاقانى چيەنلۇڭنىڭ ئۇنىڭغا تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى، شۇنداقتىمۇ ئىپارخان «خانىش» لىقنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئانا يۇرتى قەشقەردىن كەلتۈرۈلگەن تۇپراق ئۈستىدە ئۆز كۆكرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلۈۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

بۇ تىراگېدىيە مۇنداق بىر پارچە شېئىر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

ھىيلە بىلەن چيەنلۇڭ خان قىلدى ئېرىمدىن جۇدا،
شۆھرىتى چوڭ بولسىمۇ، بولماسمەن ئاڭا خوتۇن.
سۆيىمەن ئەل ـ يۇرتۇمنى، كېرەك ئەمەس شاھ شەپقىتى،
ئوردا ـ قەسىر قەپەس ماڭا، ئوغىدۇر ئاش ـ نېئمىتى.
چىقسام قەپەستىن قۇتۇلۇپ، كەتسەم يۇرتۇمغا ئۇچۇپ،
مىڭ رازىمەن ئۆلۈپ كەتسەم، ۋەتەن تۇپراقىنى قۇچۇپ[①].

يەنە باشقا خەنزۇ شائىرلىرىمۇ بۇ ئۇيغۇر قىزىنىڭ قەيسەر روھىنى مەدھىيەلەپ «ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىكى» نىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى دەپ باھا بېرىشتى. لېكىن، كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان خېلى كۆپ ماقالىلەردە ئىپارخان ھەققىدە باشقىچە كۆزقاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل كۆزقاراشلاردا «1757 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا غوجىلار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتتا، ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى غوجا بۇ ئاكا ـ ئۇكا غوجىلارغا قوشۇلماي، پۈتۈن ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن (جۈملىدىن ئىپارخانىمۇ ئېلىپ) تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەن. 1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاكا ـ ئۇكا غوجىلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش

---

① «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى 369 ــ 438 ـ بەتلەر.

باشلىنىشىدا، تۆردى غوجا ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چىڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئاكا - ئۇكا غوجىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1760 - يىلى ئۇرۇش تۈگىگەندە ئۇلارنى (جۈملىدىن ئىپارخاننىمۇ) بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ، تۆردى خوجىغا نۇرغۇن مال - بايلىق بىلەن بىرگە «چىڭ گۇگۇڭ» («دۆلەتنى تىنچلاندۇرۇش»)تا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن جاناب) دېگەن پەخرىي ئۇنۋان ۋە مەنسەپ بىلەن مۇكاپاتلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۆردى غوجا ئۆز سىڭلىسى ئىپارخاننى چيەنلۇڭغا تارتۇق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتا ئالاھىدە «تۆھپە قوشقان[1]» دېگەن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن، بۇ قاراشلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭا، بۇ ھالقىلىق مەسىلە ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

يەنە بەزى مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى كاڭشى خان (مىلادىيە 1662 — 1723 - يىللىرى) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىتالىيەلىك گاستىلىئون ناملىق رەسسام كاتولىك دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەنىكەن. ئۇ چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە خان ئوردىسىدا مىسسىيونېرلىق بىلەن بىرگە، رەسساملىق، نەققاشلىق ۋە ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، 1767 - يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ خان ئوردىسىدا ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە ئوردا ھاياتىنى مەزمۇن

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى، 20 -، 35 -، 55 -، 66 -، 86 -، 87 -، 94 -، 95 -، 96 -، 106 -، 107 -، 114 -، 115 -، 125 -، 129 -، 140 -، 141 -، 149 -، 150 -، 210 -، 277 -، 279 - بەتلەرگە قارالسۇن.

قىلغان نۇرغۇن رەسىملەرنى سىزغان. بۇ رەسىملەر ئىچىدە ئۆمەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سىزغان ئىپارخاننىڭ رەسىمى گەۋدىلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئىلىمىز تارىخچىلىرى: «بۇ رەسىمنى بېيجىڭدىكى خان سارىيىدا ئىشلىگەن ۋە ئىپارخاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىتالىيەلىك رەسسام ج.گاستىلىئون سىزغان» دەپ قارىماقتا[1]. رەسىمدە ئىپارخاننىڭ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيدۇرۇلگەن بولۇپ، ئىپارخاننىڭ باتۇر ـ قەھرىمانلارغا خاس جەسۇرلۇقى بىلەن بىرگە گۈزەل لاتاپىتىمۇ ئالاھىدە نامايان قىلىنغانىدى. بۇ رەسىم 1911 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان ۋاقىتلاردىمۇ ساراي ئىچىنى بېزەپ تۇرغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى سارايدىكى بۇ رەسىمنى كۆرگەن بىر خەنزۇ شائىرى رەسىمگە بېغىشلاپ مۇنداق بىر شېئىر يازغان:

> ھۆر ـ گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ ھەيۋە بىلەن،
> سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت بىلەن.
> تۆكتى قان شۇ قىز ئۈچۈن خاقان قىرىپ يۇقرانى كۆپ،
> سۇرگىلى كەيپ ـ ساپا، ئىشرەت بىلەن، شەھۋەت بىلەن.
> تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
> كىيىمى قانغا بويالغان يىغلىغاچ ھەسرەت بىلەن.
> قاقشىتىپ ئەكەلدى خان، شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
> «تەڭرىتاغ» قالغان غەزەپتە بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن[2].

ئىپارخاننىڭ قاچان، قانداق ۋاپات بولغانلىقى ۋە قەيەرگە دەپنە

---

① ئېرپان توختىيوف، شامىل ھاجى ئالماسىكوف: «ئىپارخان»، ئىستانبۇل 2006 ـ يىلى نەشرى، 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

② «ئىپارخان» نامىلىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى، 171 ـ، 200 ـ بەتلەر.

قىلىنغانلىقى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر بار.

تارىخچى يۈشەنفۇ بېيجىڭدىكى خان سارىيى ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان «ئىپارخانغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىپارخان 1789 ـ يىلىنىڭ 19 ـ ئاپرېل كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇ خان سارىيىدا 28 يىل ياشىغان» دەپ يازغان[1]. ئۇنىڭ قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە تارىخچى ۋاڭ ياچىن «ئىپارخاننىڭ سىزما رەسىمى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىپارخاننىڭ ھەر دائىم يەڭ ئىچىدە خەنجەر يوشۇرۇپ يۈرىدىغانلىقىنى سەزگەن چيەنلۇڭ خان ئوردىدىكى ئىناۋەتلىك ساراي خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق، ئىپارخاننىڭ ئۆز يېنىدا خەنجەر ئېلىپ يۈرۈشىنىڭ ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان. لېكىن، ئىپارخان بۇ نەسىھەتلەرگە قىلچە پىسەنت قىلمىغان، شۇنداق بولسىمۇ چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئىشق ـ مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ئىپارخاننىڭ ئۆزىگە خاس خانىسىگە بىمالال كىرىپ چىقىشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەن. لېكىن، ئىپارخان يەنىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان[2]» دەپ يازىدۇ. 1960 ـ يىلى ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان: «ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر» ناملىق تارىخى لۇغەتنىڭ III توم 298 ـ بېتىگە بېرىلگەن، ياپون تارىخچىسى جۇڭشەنبالاڭ يازغان «ئىپارخان» ناملىق ماقالىدە: «ئىپارخان 1759 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا غوجىلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ چىڭ خاقانىنىڭ تۈرلۈك ئالدامچىلىق، ھىيلە ـ مىكىر ۋە دوق ـ پوپوزىلىرىغا قارىماي،

---

① «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى، 191 ـ بەت.

② «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى، 174 ـ بەت.

ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، خانغا ھېچ باش ئەگمىگەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خاننىڭ ئانىسى ئوغلىغا: ‹مەھبۇسۇڭنىڭ نىيىتى يامان، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك، مۇبادا ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلۈڭ ئۇنىمىسا، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتكىن!› دېگەن بولسىمۇ، چىيەنلۇڭ خان ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار بەرمەي، ئىپارخاننى داۋاملىق سارايدا تۇتۇپ تۇرغان. ئوغلىنىڭ ئىشىغا نارازى بولغان خان ئانىسى ئىپارخاننى مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن» دەپ يېزىلغان.

يەنە باشقا مەنبەلەردە: «ئىپارخان ئوردىغا كېلىشتىن بۇرۇن، چىيەنلۇڭ خان جەنۇبىي جۇڭگودىكى جىڭجۇ دېگەن شەھەرگە بارغاندا، ئۇ يەردە شىڭئېر ئىسىملىك ناھايىتى گۈزەل ساھىبجامال بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆپ مېھىر - شەپقەت كۆرسەتكەن. «ئاق مەلىكە» دەپ ئاتالغان بۇ قىز خاننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەلىكىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. لېكىن، ئىپارخان ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان چىيەنلۇڭ خاننىڭ خۇددى كېپىنەكتەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىلا چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، رەشىك ئوتىدا پۇچىلانغان «ئاق مەلىكە» خان ئانىسىغا ئەرز قىلىپ بارغان. خان ئانىسى ئىپارخاننى چىيەنلۇڭدىن يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتىپ مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن[1] » دەپ يېزىلغان.

ئىپارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ناھايىتى كۆپ تالاش - تارتىش ۋە بەس - مۇنازىرىلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بەزى مەنبەلەردە: «ئىپارخان بېيجىڭغا يېقىن زوڭخۇا دېگەن يەردىكى چىڭ سۇلالىسىگە خاس شەرقىي قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان. چۈنكى، بۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان بىر قەبرە ئىچىدىن ئالتۇن ھەل

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى، 300 - بەتلەر.

بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان تاۋۇت تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئىپارخاننىڭ قەبرىسىدۇر[1]» دەپ قەيت قىلىنغان، لېكىن ھازىرغىچە بۇ «ھۆكۈم» نى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق تارىخىي ئۇچۇر ياكى ماددىي پاكىت تېپىلغىنى يوق. خېلى كۆپ ساندىكى تارىخچىلار ۋە ئارخېئولوگلار «ئىپارخاننىڭ قەبرىسى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىدىكى ئاپاق خوجا مازىرى ئىچىگە قويۇلغان» دەپ قاراشماقتا. بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى نەچچە ئەۋلاد «ئاپاق غوجا مازىرى» نىڭ شەيخى ۋە مۇتىۋەللىسى بولۇپ كەلگەن تارىخچى مۇھەممەتئىمىن ھاجى تەستىقلايدۇ. 1956 - يىلى ئۆزبېكىستان تارىخى دۆلەت مۇزېيىنىڭ ئىلمىي خادىمى، تارىخ پەنلىرى نامزاتى ئېرپان توختىيوف جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى» نىڭ تەركىبىدە قەشقەرگە بېرىپ، «ئاپاق غوجا مازىرى» نى زىيارەت قىلغاندا، مازارنىڭ شەيخى مۇھەممەتئىمىن ھاجى بىلەن سۆھبەتلەشكەن. بۇ شەيخ «ئاپاق غوجا مازىرى» دىكى يىپەك يوپۇقلۇق بىر ئايالچە قەبرە يېنىغا قويۇلغان تەختىراۋاننى كۆرسىتىپ: «بۇ ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى بېيجىڭدىن ئېلىپ كەلگەندە ئىشلەتكەن تەختىراۋاندۇر» دېگەن ھەمدە «ئاپاق غوجا مازىرى» ئىچىگە دەپنە قىلىنغانلارنىڭ نەسەب-شەجەرىسى ئىچىدە مەمۆرى ئېزىم پاشا (ئىپارخان) نىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن[2]. دەرۋەقە، ھازىرغىچە بۇ مازار «ئىپارخان» (شياڭ فېي) مازىرى نامى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا

① «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى، 93 - بەت.

② قازاقىستان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1978 - يىل 8 - ئاۋغۇست سانىغا قاراڭ.

مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. ناۋادا ئىپارخان بۇ مازارغا دەپنە قىلىنمىغان بولسا، خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ مازارنىڭ نامى «شياڭ فېي مو» دەپ يېزىلمىغان بولاتتى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يېزىلغان خېلى كۆپ مىللىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ، ئىپارخان ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن ئۆز يۇرتداشلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ، جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مازىرىغا كۆمۈشنى تاپىلىغانلىقى، بېيجىڭدىكى يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، جەسىتىنى مومىيالاپ، تاۋۇتقا سېلىپ، 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى پىيادە بېسىپ، قەشقەردىكى «ئاپاق غوجا مازىرى» غا دەپنە قىلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدى. ئەلۋەتتە، ئاغزاكى ۋە يازما مەنبەلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ «گۇماندار» تارىخىي شەخسنىڭ مەقبەرىسىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىلمىي تەرەققىيات كۆزقارىشى بويىچە بېكىتىش تارىخچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغان، يەكەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ھەرقايسى جەھەتلەردىن تېخىمۇ كۆلەملىشىپ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭدا، جۈملىدىن قەشقەردە بىر مەزگىل تىنچ مۇھىت بارلىققا كەلدى. غوجىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن قەشقەرنىڭ ۋەيران بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەرخىل باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقلار، زۇلۇم ـ سىتەملەر پۇقرالارنى قاق سەنەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. «كاناي ياغلاشقا ياغ يوق، ھارۋا ياغلاشقا ياغ

نەدە» دېگەندەك، شەھەر قىياپىتى ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى يېڭىلاش ۋە قايتىدىن قۇرۇشقا خەلقنىڭ قۇربى يەتمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن قەشقەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىمۇ ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى. ئەگەر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ قەشقەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك تەرەققىيات بار دېيىلسە، بۇ دەۋر بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق شەكلىنىڭ تەسىرى بىلەن راۋاق شەكلىدىكى بىنالار شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى قۇرۇلۇشلىرىدا كەڭ كۆلەملىك قوللىنىلغان.

2. شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى سەۋەبىدىن، شەھەرلەرنى سېپىل ئىچىگە ئېلىش، ھەربىي قورغان، قەلئە بىنا قىلىش ئەۋج ئالغان، شۇنداقلا دىنىي سۈركىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرگە يانداپ مانجۇ، خەنزۇ، شىبە قاتارلىق غەيرىي ئىسلام دىنىدىكى ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قورغان ـ قەلئەلەرنى ئاساس قىلغان يېڭى شەھەر، گازارمىلارنى بىنا قىلدى. ئەسلىي بار بولغان شەھەرلەر «كوناشەھەر» (老城) ياكى «مۇسۇلمانلار شەھىرى» (回城)، يېڭىدىن قۇرغان شەھەرلەر «يېڭىشەھەر» (新城) ياكى «خەنچىڭ» (汉城) دەپ ئاتالدى، شۇنداقلا «كوناشەھەر» بىلەن «يېڭىشەھەر» لەر ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك مال ئالماشتۇرىدىغان سودا ـ سېتىق بازارلىرى تەسىس قىلىنغان.

3. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سىڭىپ كىرىپ، خىش ۋە كاھىشچىلىق، فارفۇر ئەينەكچىلىك، سىرچىلىق قاتارلىق بېزەكچىلىك تېخنىكىلىرى

نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئومۇملىشىشقا باشلىغان، لېكىن يەرلىك ئولتۇراق ئۆيلىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىۋەرگەن.

4. قۇرۇلۇش شەكىللىرى ۋە ئۇسلۇبى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا كۆپ خىللىشىشقا يۈزلەنگەن. مانجۇ ۋە خەنزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبى، ياۋروپا بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە ئەنئەنىۋى يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۆزئارا گىرەلەشكەن يېڭىچە ئىمارەت شەكىللىرى بىخلىنىشقا باشلىغان، بولۇپمۇ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەشقەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ ياۋروپالىقلارنىڭ تېخىمۇ جەلپكار نۇقتىسىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئالدى بىلەن قەشقەرگە كۆز تىكىپ، قەشقەر ۋە يەكەن شەھەرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سودا سارايلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، دىن تارقىتىش مەركەزلىرى، غەربچە دوختۇرخانا ۋە ئەجنەبىيچە مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا باشلىدى. بۇنداق قۇرۇلۇشلاردىن تىپىكرەك بولغانلىرى «سەمەن رۇس كونسۇلخانىسى»، «چىنىباغ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى» ئىدى. «سەمەن رۇس كونسۇلخانىسى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چاررۇسىيە ئىمپېراتورلۇقى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگراسىنى داۋاملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» سەۋەب بولغان بولۇپ، ئۇنى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسىنى چەكلەش مەقسىتىدە 1893 ـ يىلى قۇرغان. كونسۇلخانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ياۋروپا رۇس پاسونىدىكى بىر قەۋەتلىك ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ كونسۇلخانا قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھەسىنى رۇسىيەلىكلەر ئىشلىگەن بولۇپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك بىناكارلىق ئۇستىكارلىرى تەرىپىدىن قۇرۇپ

چىقىلغان.

«چىنىباغ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى» نىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي تۆپىلىكىدىكى ئەسلىي يەرلىك بايلارنىڭ «چىنىباغ گۈلزارلىقى» بولۇپ، 1890 ـ يىلى بۇ گۈلزارلىق قورۇغا ماكارتنېي ئەپەندى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ۋەكىلى سۈپىتىدە ئورۇنلاشقان. مۇشۇ ئاساستا 1908 ـ يىلى بۇ جايدا رەسمىي ئەنگلىيەنىڭ كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ كونسۇلخانا باش كونسۇلخانا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىنىباغدىكى ئەسلىدە بار بولغان كونا ئىمارەتلەر ئورنىغا يېڭى كونسۇلخانا قۇرۇش پىلانلاندى، يېڭىدىن سېلىنغان باش كونسۇلخانا لايىھەسى 22 ئېغىز ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۆلارنىڭ ھەممىسىنى شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۈمىكى تەركىبىدە قەشقەرگە كەلگەن خوگبېرگ ئەپەندى لايىھەلىگەن. قەشقەرنىڭ يەرلىك بىناكارلىرى بۇ قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1912 ـ يىلى ئىش باشلاپ 1913 ـ يىل 10 ـ ئايدا پۈتكۈزگەن. بۇ يېڭى كونسۇلخانا يەنىلا شىپاڭلىق، بىر قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان. قورۇ ئىچىدىكى چوڭ گۈللۈككە قارىتىپ ئىككى ئېغىز ئۆيى بار مۇنار قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئېگىز مۇنارغا چىقسا چىنىباغنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىز ـ دالا مەنزىرىلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى.

كونسۇلخانا ئىچىگە بىرقانچە چوڭ مېھمانخانا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا يوغان زال سېلىنغان. ئۆيلەرنى ئىسسىتىش ئۈچۈن بىر ئېغىز يەر ئاستى ئۆيگە پاراۋاي ئوچاق ئورنىتىلغان. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئەينەك دېرىزىلىك بولۇپ، تاملىرىغا شىۋېتسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن قەغەز چاپلانغان. قىسقىسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇرۇلغان يۇقىرىقى ئىككى دۆلەتنىڭ كونسۇلخانىسى ۋە ئۇلارنىڭ قەشقەردە قۇرغان بانكا، سودا ۋاكالەتخانا قۇرۇلۇشلىرى ئەينى دەۋردىكى ھەشەمەتلىك ئۆزگىچە

ئىمارەتلەر ئىدى.

1911 - يىلى جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى فېئوداللىق سۇلالىسى — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدە قوزغالغان «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭىچە مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىسلاھاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، جۇملىدىن شىنجاڭدىمۇ ھەرقايسى سەپلەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماس ھالدا شەھەر بىناكارلىق تەرەققىياتىدا چەتنىڭ تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. دەرۋەقە، ئۇزاق ئەسىرلىك بىناكارلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا زور بىر تۈركۈم بىناكارلىق ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي قالاقلىق، نامراتلىق، نادانلىق ۋە ئەنئىسىزلىك تۈپەيلىدىن بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرا ئەسىر قىياپىتىنى ساقلاپ، 20 - ئەسىرگە ئۇلاشقانىدى. بۇ رېئاللىقنى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرنى زىيارەت قىلغان نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف 1913 - يىلى يازغان «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق خاتىرىسىدە: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇنىڭدىن 1000 يىل ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ...... شەھەر كوچىلىرى مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ئەمەس، ھەممىسى بىر تۇرلۇك تارقاقلىقتىن ئىبارەت. شەھەرلىرىدە گۈزەل ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. گەجگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن[1].» دەپ خاتىرىلىگەنىكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن ئالدى بىلەن شەھەرلەردە چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغار زىيالىيلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر بايلار، سودىگەرلەر يېڭىچە مەكتەپ، دوختۇرخانا، مەدەنىيەت تارقىتىش كۇلۇبلىرى ۋە مال ئالماشتۇرۇش سودا سارايلىرى، كىچىك تىپتىكى زاۋۇت-

---

[1] نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف: «يوروق ساھىللار» 94 -، 95 - بەتلەر.

كارخانا قاتارلىقلارنى قۇرۇشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن گەۋدىلىك بولغىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشى بولۇپ، شۇ يىللاردا قەشقەردە يېڭىدىن بىنا بولغان مەكتەپلەرنىڭ سانى 125 تىن ئېشىپ كەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسى، ھېيتگاھ كۇلۇبى ۋە شەھەر ئىچى ـ سىرتىدىكى يۈزلىگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر قەشقەر بىناكارلىقىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلغان. چەتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن قەشقەرنىڭ يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلگەن بۇ مەكتەپ بىنالىرى خىش ـ كېسەك قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئاستى تاختايلىق، ئۈستى تەكشى يۈزلۈك ياكى كونۇس شەكىللىك ياغاچ جازىلار بىلەن قوپۇرۇلغان، ئوقۇتۇش بىنالىرى كارىدورلۇق بولۇپ، سىنىپلار ئازادە ۋە كۆركەم ياسىلىپ گەج بىلەن ئاقارتىلغان. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئۈستى تەرىپى بۆرەكچە شەكىلدە چىقىرىلىپ، يۈزىگە قاپارتما نەقىش ئويۇلغان ۋە سىرلانغان. سىنىپلارنىڭ كارىدورغا تۇتاشقان بۇلۇڭىغا تورۇس بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە مۇنار شەكىللىك قاڭالتىردىن ياسالغان تام مەش ئورنىتىلغان، تام مەشنىڭ ئوت ياقىدىغان ئاغزى كارىدور تەرەپتە بولۇپ، مورىسى تامنىڭ ئارىسىغا لايىھەلەنگەن. مەشنىڭ ئىچى خىش ۋە لاي بىلەن بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك بولۇپ مورا رولىنى ئوينىغان. مەكتەپلەردە يەنە ئوقۇتۇش بىنالىرىدىن باشقا، زال، ئىشخانىلارمۇ سېلىنغان. بۇ دەۋردە قۇرۇلغان مەكتەپلەر «شەنلى مەكتەپ» (ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر) ۋە «خويلى مەكتەپ» (1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان). (ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان مەكتەپلەر) دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلغان. مەكتەپ، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىمارەتلىرىدىن باشقا، شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاق ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. ئايرىم ساندىكى بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ جايلىرىنى ھېسابقا

ئالمىغاندا، كۆپ ساندىكى پۇقرالارنىڭ ئۆي - ماكانلىرى تولىمۇ ئاددىي ۋە نامرات چىراي ھالەتتە يېڭى دەۋرگە ئۇلاشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، غەربىي رايوندىكى بۇ «مەرۋايىت شەھەر» قەشقەرنىڭ قىياپىتىدىمۇ ئاجايىپ يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. شەھەر قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىپ يوللىرى ئاسفالتلاشتى. سېپىل ئىچى بىلەن سېپىل سىرتى بىر گەۋدىلىشىپ شەھەر كېڭەيتىلدى. يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىدارە - جەمئىيەت بىنالىرى، نەچچە قەۋەتلىك سودا سارايلىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، مېھمانخانا، تەنتەربىيە سارايلىرى، شەھەر باغچىلىرى، مەدەنىيەت كۇلۇبلىرى، كىنوخانا ۋە تىياتىرخانىلار، ئازادە ئاشخانا - رېستورانلار، زاۋۇت - كارخانىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ زامانىۋى شەھەر قىياپىتى شەكىللەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھى قەشقەرنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ، شەھەر - بازارلارنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا تەسەۋۋۇرىمىزدىن ئارتۇق يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى روياپقا چىقتى. شەھەردە ئېگىز قەۋەتلىك بىنالار توپى قەد كۆتۈرۈپ، بېيجىڭ، شاڭخەي...... قاتارلىق تەرەققىي تاپقان گۈزەل شەھەرلەرنىڭ ھەيۋىتى قەشقەردىمۇ ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ھازىر شەھەر ئىچىدىن باشقا چەت يېزا - قىشلاقلاردىمۇ ئالدىن بېيىغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خىش قۇرۇلمىلىق، 2 — 3 قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شەھەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كۆل ياكى ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ بۇلغىما سۈيىنى ئىچىدىغان ھالەت تارىخقا ئايلىنىپ، ھەممە ئائىلىلەر سۇ تورۇبىسى ئارقىلىق پاكىز سۇ ئىچىش مۇھىتىغا ئېرىشتى. شەھەر - بازارلاردا ئاساسىي جەھەتتىن سۇ

تۇرۇبىسى، توك، گاز لىنىيەلىرى تورلاشتى. نەققاشلىق ۋە بىزەكچىلىك سەنئىتى ئائىلىلەردىن رېستورانلارغىچە، مېھمانخانىلاردىن سودا سارايلىرىغىچە كېڭىيىپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قەشقەر گۈزەللىكى نامايان بولۇشقا باشلىدى. قىسقىسى، ئۆي ـ ئىمارەتتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ يارقىن كۆزنىكى ئارقىلىق بۇ قەدىمىي شەھەر تېخىمۇ جەلپكار ۋە مەپتۇنكار ماكانغا ئايلاندى.

قەشقەر يەنىلا ئېلىمىزدىكى نامرات رايونلارنىڭ بىرى بولغاچقا، مۇتلەق كۆپچىلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى تۆۋەن تۇرمۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ سوقما تاملىق ئاددىي كۆلبىلىرى ھەممىشە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ھۆل ـ يېغىننىڭ زەربىسىدىن ۋەيران بولۇپ كىشىلەرنى تېخىمۇ نامراتچىلىققا گىرىپتار قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئادەمنى ئاساس قىلىش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتىن ئىبارەت دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مالىيەسىدىن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ قەشقەر ۋىلايىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى 7 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان ھازىرغىچە 80% تىن كۆپرەك دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى يېڭىلىنىپ، پولات، سېمونت ئىشلىتىلگەن خىش قۇرۇلمىلىق ئازادە ۋە چىداملىق ئۆيلەرگە ئايلاندى. بۇ ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتىكى تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. 2009 ـ يىلى گوۋۇيۇەن قەشقەر كوناشەھەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىپ قۇرۇش

پىلانىنى تەستىقلىدى. بۇ قەشقەرنىڭ تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل بىر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى كېيىنكى بۆلۈمدە ئايرىم بايان قىلىمىز.

# II باب ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تۈرى، ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى

## 1. ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۆي ـ ئىمارەت — ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي مۇھىتتىكى تارىخىي چۆكمىسىدىن ئىبارەت.

ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تۈرى، ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما تېخنىكىسى شۇ رايون، شۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە جۇغراپىيەتلىك يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي تەركىب ۋە پىسخىكىلىق ـ ئېستېتىك تەلەپنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى ئامىللار سەۋەبىدىن كۆپ خىللىقتا، ئورتاقلىقتا ۋە خاسلىقتا ئىگە بولىدۇ.

ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تۈرى ماكرو جەھەتتىن شەھەر ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، يېزا ـ قىشلاق ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، ئاممىۋى سورۇن (تىياتىرخانا، كىنوخانا، كۆرگەزمىخانا، مۇزېي، باغچە، تەنتەربىيە سارىيى، ئاشخانا ـ رېستوران، مېھمانخانا، سەيلىگاھ، كىتابخانا، كۇتۇپخانا، مۇنچا...... قاتارلىقلار) ئىمارەتلىرى، مەسچىت، مەدرىسە، مازار قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، زاۋۇت ـ كارخانا ۋە سودا سارايلىرى، مەكتەپ، ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، ئايرودۇرۇم، ۋوگزال ۋە قاتناش بېكەتلىرىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئومۇملۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆي ـ

ئىمارەتلەرنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ھەرقايسى ئىش تۈردىكى بىناكارلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىي ماھارىتىدىن ھاسىل بولغان ئۆزگىچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرۇلۇش تېخنىكىسى — ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ پىچىلىشى، ئۇنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئالدى يۈز كۆرۈنۈشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، ئىمارەتلەرنىڭ خانىلارغا ئايرىلىشى، قۇرۇلما تۈزۈلۈشى (ئېگىزلىكى، قەۋەت سانى، ئۇل، تام، ئۆگزىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ھويلا - ئارانلارنىڭ دائىرىسى ۋە كۆكەرتىش لايىھەسى، ئۆي ئىچى - سىرتىنىڭ بېزىلىشى، نەقىش ۋە رەڭلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆلچەملىك تاللىنىشى، ئۆي ئىچى قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنىڭ مۇۋاپىق سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيى، مال قوتانلىرى، ئىسكىلات قاتارلىق ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىققا ئىگە قۇرۇلمىلارنىڭ ئورۇن - تەرتىپى، تامچىلىق، ياغاچچىلىق، بېزەكچىلىك، سىرچىلىق، ئويمىكارلىق قاتارلىق ئىش تۈرلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ۋە قېلىپلاشقان ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىناكارلىق تېخنىكىسى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساس.

بىز بۇ بۆلۈمدە نۇقتىلىق ھالدا قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى ھەققىدە توختىلىمىز. نەزەرىمىز ئاساسەن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئۆيلەرگە قارىتىلىدۇ.

## 2. قەشقەر تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى

بىز ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا نەزەرىيە جەھەتتىن بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە تەبىر بەرگەنىدۇق. ئۇسلۇب ھەم كونكرېتلىققا، ھەم ئابستراكتلىققا ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، ماددىي مەدەنىيەت

ئابىدىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى كونكرېتلىقتا، ئوبيېكتلىقتا، مەنىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ ساھەلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئابستراكتلىقتا، مەۋھۇملۇقتا ئىگە بولىدۇ. ئۇسلۇب مۇئەييەن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخسلەر ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىقتىدار ئىگىلىرى (مەشھۇر ئۇستىكارلار) نىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئىندىۋىدۇئاللىق خاسلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى ياكى يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇ تارىخىيلىقتا، دەۋرىيلىككە ئىگە بولىدۇ.

ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇنچىۋالا سىرلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىجتىمائىيلىق بىلەن شەخس، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپتىن ئىبارەت ئىككى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ ئامىل - مەلۇم دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، سىياسىي تۇرمۇش ۋە دىنىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەرەققىياتى، گېئوگراپىيەلىك مۇھىت بىلەن كىلىمات ئامىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، شۇنىڭدەك مىللىي ئەنئەنە ۋە دەۋر كەيپىياتىنىڭ گارمونىك تەسىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ سۇبيېكتىپ ئامىل — ئىجادكارلىقتا ئىگە شەخسنىڭ قىممەت قارىشى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، سەنئەت جەھەتتىكى قابىلىيىتى، ماھارىتى ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇسلۇب باشقىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش، دوراش بىلەن ئەمەس، بەلكى يېڭىلىق يارىتىش، قىيىن نۇقتىلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈش، خالىسلىق يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇسلۇب مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان قاتمال قېلىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش تەرەققىياتىغا ئېرىشىدىغان ۋە زامانىۋىلىقنى ئۆزىگە سىڭدۈرەلەيدىغان نىسپىي ھەرىكەتچان ئامىلدۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئۇسلۇبنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى،

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆزى كۆپ خىلىقتا ۋە رەڭدارلىقتا ئىكەن، كىشىلەر ياشاپ تۇرغان مۇھىتمۇ ھەرۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىمۇ كۆپ خىل بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇسلۇبنىڭ خىلمۇخىللىقى ئىستىمالچىلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجى ۋە قىممەت قارىشىدىكى ئوخشىماسلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك، «ئۇسلۇب» ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ماس كېلىدىغان ئىشلىتىشچانلىقتا ۋە قوللىنىشچانلىقتا ئىگە بولغان ئۇنىۋېرسال ئۇقۇمدۇر.

بىناكارلىق ئۇسلۇبى يەرلىك تەبىئىي شارائىتتا شەكىللەنگەن بىناكارلىق تىلىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، قۇرغاق رايونلار بىلەن ھۆل - يېغىنلىق رايونلار؛ ئىسسىق رايونلار بىلەن سوغۇق رايونلار؛ تاغلىق رايونلار بىلەن تۈزلەڭ رايونلار؛ دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى...... نىڭ ئوخشىماسلىقى تۇپەيلىدىن ئۆيلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشلىرىدىمۇ روشەن پەرق ھاسىل بولغان. بۇ پەرقلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس بىناكارلىق تىلى — ئۇسلۇبى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكىنى جەلپ قىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلىگەن «تەقدىرنىڭ چاقچىقى» ناملىق كىنو فىلىمى ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. كومېدىيەلىك تۈستىكى بىر فىلىم ئارقىلىق دۇنيا كۆلەملىك زامانىۋىلىشىش ئېقىمىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقايسى شەھەر - رايونلاردا قەد كۆتۈرگەن زامانىۋى ئىمارەتلەرنىڭ خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغان خىشتەك بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغان ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىلىق بىلەن قامچىلىنىپ، يېڭى دەۋر بىناكارلىق ساھەسىگە يېڭى بىر سوئال تاشلىدى. بۇ سوئال بىزگە زامانىۋىلاشتۇرۇش دۇنيانى بىر خىللاشتۇرۇش ئەمەسلىكىنى، بەلكى پۈتكۈل ساھەلەر، جۈملىدىن بىناكارلىقتىمۇ كۆپ خىللىشىپ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئۇسلۇبنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ

زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئۇقتۇردى. دەرۋەقە شۇنداق، ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە بولغىنىدەك، مىللىي ۋە يەرلىك خاسلىق گەۋدىلىنىپ كۆپ خىللىقتا ئىگە بولغان ئىمارەتلەر توپى شۇ شەھەر، شۇ رايوننىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەردە ھېرىسمەنلىك تۇيغۇسى قوزغايدۇ. 2000 ـ يىللاردا ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي شەھىرى ئۈرۈمچىدىكى كۆككە تاقاشقان سەرەڭگە تېلىدەك بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان ئېگىز بىنالارنى كۆرۈپ: «بۇ شەھەر جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى ئاۋات شەھەرلەردىن ھېچ پەرقى يوق ئىكەن، كۆپ مىللەتلىك بۇ شەھەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن» دەپ ئۆكسۈنۈشكەنىدى. ئىلىمىزنىڭ رەھبەرلىرى، جۈملىدىن قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىمۇ شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندا مىللىي ۋە يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە كۆپ قېتىم يوليورۇق بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن دۆڭكۆۋرۈك سودا رايونىدا بەلگىلىك دەرىجىدە مىللىي ئۇسلۇب گەۋدىلەنگەن «خەلقئارا چوڭ بازار»، «دۆڭكۆۋرۈك سودا شەھەرچىسى»، جەنۇبىي ئازادلىق يولى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى قاتارلىق ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ، بۇ شەھەرنىڭ جەلپكار نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچىدە ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، 4 — 5 قەۋەتتىن ئاشمايدىغان «خەلقئارا چوڭ بازار» نىڭ بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭغا قەدەم باسقان ھەرقانداق مېھمانلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ سودا قىلىدىغان ۋە ساياھەت قىلىدىغان ئاساسلىق كۆزنىكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ھەمدە بۇ «چوڭ بازار» نىڭ قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى روياپقا چىقارغان «شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئاكادېمىيەسى» نىڭ سابىق باشلىقى، باش ئىنژېنېر ۋاڭ شاۋ دوڭ (王小东) نىڭ مۇشۇ تۆھپىسى شەرىپىگە «ئاكادېمىك» (يۈەنشى) بولۇپ باھالىنىشى مىللىي ۋە يەرلىك

ئۇسلۇب گەۋدىلەنگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە ئىناۋەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى دەلىللەپ بەردى. ھازىر رايونىمىزدىكى ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، خوتەن، كورلا، قۇمۇل، تۇرپان، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قۇرۇلغان مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئىمارەتلەر توپى بارغانسېرى كۆپىيىپ، شۇ شەھەرلەرگە يېڭىچە ھۆسن قوشماقتا. لېكىن، مىللىي ئارخىتېكتورلۇق ئىلمىنى ئەتراپلىق، پۇختا ئىگىلىگەن لايىھەلەش خادىملىرىنىڭ تولىمۇ ئازلىقى، مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي بىلىمنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق زىچ بىرلەشكەن، ھەقىقىي مەنىدىكى مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن ھەم خاسلىققا، ھەم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئۆلگىلىك ئىمارەتلەر توپى تولۇق قەد كۆتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلارنىڭ ساياھەت جەلپكارلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى سېلىشتۇرساق، ئۇلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت: ئۈرۈمچىدىكى قىزىلتاغ ئۈستىگە چىقىپ، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا نەزەر سالسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا خۇددى تايگا ئورمانلىقىدىكى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان قويۇق چىنار دەرىخىدەك كۆككە تاقاشقان ئېگىز بىنالار توپى ئايان بولىدۇ، بىنالار ئارىسىدىن كۆككە ئۆرلىيەلمەي قاپسىلىپ قالغان ئىس - تۈتەكلەر، ئاسفالت يوللارغا سىغىشماي ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئېقىن يوللىرىدا ئۈۋىسى بۇزۇۋېتىلگەن چۈمۈلە توپىدەك قىمىرلىشىپ يۈرگەن ئالا - يېشىل ماشىنىلار توپى كىشىلەرگە «توپان بالاسى» دەك تۇيغۇ بېرىدۇ. قەشقەر ئۇنىڭ ئەكسىچە «ئۆزى كىچىك، تىلى چۇچۇك» شەھەر بولۇپ، ھېيتگاھ مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالسىڭىز، خۇددى يىلان ئىزىدەك ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنىڭ قاسناقلىرىدىكى بىر -

بىرىگە ياندىشىتۇرۇپ سېلىنغان ئېگىز - پەس ئىمارەتلەر توپى كۆزنىڭىزگە چېلىقىدۇ. 1000 يىللار مابەينىدە چوڭ ئۆزگىرىش ياسىيالمىغان «ئوتتۇرا ئەسىر قىياپىتى» دىكى بۇ ئىمارەتلەرنىڭ باغرىغا يوشۇرۇنغان سىر - ئەسرالىرىنى چۈشەنمىگەنلەر سىرتقى شەكلىگە قاراپلا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرنى زىيارەت قىلغان سەيياھ نۇشىرىۋان يائوشېفتەك[1] خاتا تونۇغا كېلىپ قېلىشى تەبىئىي. لېكىن، بۇ «ۋەيرانە كۆلبە» لەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە چۆكۈپ باقسىڭىز، گۈزەللىك، كۆركەملىك، كۆپ خىللىق، رەڭدارلىق، ئۈنۈۋېرساللىق، ماسلىشىشچانلىق، ئىشلىتىلىشچانلىق، چىدامىلىقلىق ۋە جەلپكارلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن سىزنى ئىختىيارسىز ھاياجانلاندۇرىدۇ. مۇشۇنداق تارلىق ئىچىدىكى بوشلۇقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سېھرىي كۈچكە ئىگە ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى شەھەر بىنا قىلغان قەشقەر بىناكارلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتى سىزنى قايىل قىلىدۇ. دۇنيادا قوزغالغان «قەشقەر جەلپكارلىقى» نىڭ سىرى مانا شۇ يەردە.

ھازىر دۇنيادا «زامانىۋى شەھەر قۇرۇش»، «گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش» يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا، دۇنيا كۆلەملىك ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆرەك سەھنىسى بولغان 2010 - يىللىق «شاڭخەي دۇنيا يەرمەنكىسى» نىڭ توپ

---

[1] نۇشىرىۋان يائوشېف رۇسىيەلىك تاتار سەيياھ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ناملىق خاتىرىسىدە قەشقەر شەھىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى تەسۋىرلەپ: «ئۆيلەر لايدىن ياسالغان بولغاچقا، ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ، يۇرتتا زىننەت ۋە كۆركەملىك يوق. ئۇستىدىن قارىسا زور بىر قەبرىستانلىققا ئوخشايدۇ. ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغاچقا، ئىشىك ئالدى ئوچۇق تۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا، دېرىزە ئورنىتىشقىمۇ ئورۇن يوق. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىكى كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن ئازراققىنە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ......» دەپ يازغان. («قەشقەر» مەجمۇئەسى — چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزەرىدىكى قەشقەر 1 - قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2009 - يىلى نەشرى، 10 - بەت.

شۇئارى «گۈزەل شەھەر بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى «شەھەر ئېكولوگىيەسىنى رەڭدارلىقتا، كۆپ خىللىقتا ئىگە قىلىش، ھەر جاي، ھەر يەرنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. بۇ بىزدىن ئىلمىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە باش قاتۇرۇپ ئويلىنىشىمىزنى ۋە ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئارختېكتورلىرى ھەرقايسى رايونلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا يەرلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي مەنىدىكى مىللىي ئۇسلۇبنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن دەلىللىيەلمەي تېڭىرقاش ئىچىدە تۇرماقتا. پەقەت قەۋەتلىك ئېگىز بىنالارنىڭ بۇرجىكىگە خۇددى كېرىيە تەلپىكىدەك گۈمبەز چىقىرىپ قويۇش ياكى بىنانىڭ ئۈستىگە چېدىر ئۆي (كىگىز ئۆي) شەكلىنى ئورنىتىش ئاتالمىش مىللىي ئۇسلۇبنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر ئىپادىسىدەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇسلۇبنىڭ ماھىيىتىنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ، جۈملىدىن بىز شەرھلىمەكچى بولغان قەشقەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە نېمىلەرگە ئاساسلىنىش كېرەك ۋە قانداق ئىپادىلەش كېرەك؟

1. ئادىمىيەتلىك ۋە ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكتىن قارىغاندا. قەشقەر قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى سۈپىتىدە كۆپ خىل مەدەنىيەت، دىن، تىل ـ يېزىق ئۆزئارا ئۇچراشقان، سىڭىشكەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت بەلبېغى بولۇپ، ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت مۇھىتىغا ئىگە رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ ئېتىكى ۋە تارىم بوستانلىقلىرىدا ياشىغۇچى ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرلەردىن باشلانغان «ئۇيغۇرلىشىش» دولقۇنى ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا روياپقا

چىققان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ قالغان. 2000 - يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق كۆپلىگەن يەرلىك مىللەتلەر ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 89.7% نى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئاھالىسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەشقەر بىرقەدەر بۇرۇن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى يولغا قويغان تىپىك ئېكىنچىلىك رايونى بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئاھالىلىرى دېھقانچىلىقتىن قالسا چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق قاتارلىق قوشۇمچە ئىگىلىكلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ھالىتىدىكى بۇ خىل ئىگىلىكلەر مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، قەشقەرچە ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ماددىي ئاساس بولۇپ قالغان. «قەشقەرچە ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىك» نىڭ تۈپ بەلگىلىرى ئېكىنچى مىللەتلەرگە خاس بولغان سىلىق - سىپايىلىك، سالام - سەھەتلىك، ئىززەت - ئىكراملىق، گۈزەللىككە ھەممىدىن بەكرەك تەلپۈنۈش، مودا قوغلىشىش، ئەنئەنىچىلىك، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىش، شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ئاسان غىدىقلىنىش، روھى قۇرغاق، شەكلەن جاسارەتلىك، ئەمەلىي قورقۇنچاق، ئىچكى رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، تاشقى ئېنېرگىيەسى ئاجىز، مەنمەنچىلىكى ئۈستۈن، تەسەۋۋۇرچان، پىلان - لايىھە قۇرۇشقا ماھىر، «سۆنى كۆرمەي توغان سالىدىغان»، ئالدى - بەدىدە ھېسابلىق، قوۋم - قېرىنداشلىق ۋە قوشنىدارچىلىقنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان، ئائىلە بىرلىك قارىشى مۇستەھكەم، تازىلىق ۋە ساغلاملىق ئېڭى كۈچلۈك، ئىبادەت ۋە ئەقىدىلىك، پەردىشەپلىك، قىلنى پىل قىلالايدىغان ئىشچان ۋە تەدبىرلىك، «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى»

ئەلا بىلىدىغان، ئەجداد - ئورپاقلىرىنىڭ چاپىنىدا تەرلەش......
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىجابىي ۋە سەلبىي پىسخىكىلىق تىندۇرمىلار مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەن، جۇملىدىن قەشقەرچە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

2. جۇغراپىيەلىك شارائىتى جەھەتتە، قەشقەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربتىن شەرققە قىيپاش بولۇپ، ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. تاغ - ئېدىرلىق ئومۇمىي زېمىننىڭ 57.1% نى، تۈزلەڭلىك 23% نى، چۆل - باياۋان 19% نى، دەريا - كۆللەر 0.9% نى ئىگىلەيدۇ. قەشقەرنىڭ يەر يۈزىدىكى سۇ بايلىقى مىقدارى 7 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيى مىقدارى 8 مىليارد 70 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، سۇ بايلىقى كەمچىل رايونلارنىڭ بىرى. دەريا - كۆل ھاۋزىلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ يەر ئاستى سۇ قەۋىتى ناھايىتى نېپىز بولۇپ، ئازراق ھۆل - يېغىن بولسىلا يەر يۈزى لىغىلداپ پاتقاقلىشىپ كېتىدۇ. چۆل - باياۋانغا يېقىن تۈزلەڭلىكلەرنىڭ شورلىشىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولغاچقا، بۇنداق رايونلاردا ئۆي - ئىمارەت سالغاندا شوردىن مۇداپىئەلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

3. ئىقلىم - كىلىمات جەھەتتە: قەشقەر رايونى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ، مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى تىپىك قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 39.1℃ بولۇپ، كۈننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2570 — 3000 سائەت، قىرووسىز مەزگىلى 210 — 240 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 40 — 100 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2100 — 2700 مىللىمېتىر.

قەشقەر رايونىنىڭ ئىقلىمى ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، ئېگىز تاغلىق ئىقلىم رايونى، ئوتتۇرا ئېگىزلىك

(ئېدىرلىق) ئىقلىم رايونى ۋە تۈزلەڭلىك ئىقلىم رايونى دەپ ئۈچ خىل ئىقلىم رايونىغا بۆلۈنىدۇ ھەمدە بۇ رايونلارنىڭ كىلىمات شارائىتى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. قەشقەرنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە بولغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە ھاۋا كىلىمات شارائىتى بۇ رايوندا ياشىغان كىشىلەر توپىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، قەشقەر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە رەڭدارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قەشقەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان ھويلا - ئارانلىق، باغباراڭلىق، پېشايۋان - سۇپىلىق، دەھلىز - دالانلىق، ئايۋان سارايلىق، كۆپ خانىلىق، ئەۋرەز - قازناقلىق، تۆر - پەگاھلىق، تەكچە - مېھرابلىق، ۋاسا جۈپ - ۋاسادەميانلىق، لىم - ناۋالىق، ئەگمە ئىشىك - دېرىزىلىك، كۆركەم نەقىشلىك، سوقما تاملىق، سىلىق سۇۋاقلىق، ئېغىل - قوتانلىق، جۈپ قانات دەرۋازىلىق...... بولۇشتەك تىپىك قۇرۇلما ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئۈچ خىل ئامىل ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئاساسىي ئامىللاردىن تاشقىرى يەنە قەشقەر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىدە دىنىي ئېتىقاد، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي فورماتسىيە، تارىخىيلىق ۋە دەۋرىيلىك قاتارلىق قوشۇمچە ئامىللارمۇ بار.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى كۆلەم ۋە قۇرۇلما شەكلى جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بىلەن يېزا - سەھرا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ئارىسىدا خېلىلا چوڭ پەرق بار. ئالايلۇق، قەشقەر شەھىرىدىكى تۇرالغۇلارنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى يەر شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇقىملاشقان ياكى قېلىپلاشقان قۇرۇلما ئۇسلۇبىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سىممېترىك بولۇش، ئىشىك -

دېرىزىلەرنى قايسى تەرەپكە قارىتىپ ئېچىش، يورۇقلۇق تەلىپى. ئاساسلىق ئۆيلەر (ئايۋان ساراي، مېھمانخانا، ياتاق ئۆي، ئاشخانا قاتارلىقلار) بىلەن قوشۇمچە ئۆي (ئامبار، قازناق، ھاجەتخانا قاتارلىقلار) لەرنىڭ كۆلىمى ۋە ئورۇنلىشىش تەرتىپى قاتارلىقلار ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئاساسلىق ئۆيلەر ھويلىنىڭ يان ياكى قارشى تەرىپىنى بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىمكانقەدەر كۆكەرتىش ۋە ھويلىدىكى پائالىيەت ئۈچۈن بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھويلىسىز تۇرالغۇ ئۆيلەر يوق دېيەرلىك. شەھەر ئىچىدە بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئىككى ۋە ئۈچ قەۋەتلىكلىرى بىرقەدەر كۆپ، كۆلىمى چوڭراق قورۇلار تاشقى ھويلا ۋە ئىچكى ھويلا دەپ ئىككىگە ئايرىۋېتىلگەن. تاشقى ھويلىغا دەھلىزلىك مېھمانخانا، يېنىغا يەنە قازناقلىق كىچىك مېھمانخانا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مېھمانخانىلارنىڭ ئاستى ئامبار بولۇپ، ئۈستىگە سۇپا باغلىنىدۇ. بۇ مېھمانخانىلارنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە يەنە بىر قەۋەت ئۆي قوندۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەر ئاستىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدى تېمىدىن بىرقانچە مېتىر ئارقىغا تارتىلىپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، تارتىلغان بوشلۇقنىڭ ئۈستى پېشايۋان بىلەن يېپىلىدۇ. 2 ـ قەۋەتكە ئورنىتىلغان پېشايۋان 1 ـ قەۋەتتىكى سۇپىنىڭ ئاستىنىمۇ ياپالايدىغان دەرىجىدە كەڭرەك ئورنىتىلىدۇ. 2 ـ قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەمدە 2 ـ قەۋەت ئۆينىڭ بىر تەرىپى ئوچۇق كارىدورنىڭ بوشلۇق يۈزىگە ئويما نەقىشلىك ياغاچ ۋادەك ياكى تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلىدۇ.

ئىچكى ھويلا ئاساسەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولۇپ، ياتاق ئۆي، ئاشخانا، ئايۋان ساراي قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرىگە ماس ئۆي ـ خانىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىچكى ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدىغىمۇ پېشايۋان قويۇلۇپ، ئاستىغا سۇپا باغلىنىدۇ. سۇپىنىڭ مۇۋاپىق يان تەرىپىگە يازلىق ئاشخانا سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئەمبەل ۋە ئىككى كۆزلۈك پىلتا ئوچاق

سىغقۇدەك چوڭلۇقتا بولىدۇ. ئوتۇن - كۆمۈر قاتارلىق قاتتىق - قۇرۇق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىچكى ھويلىنىڭ مۇۋاپىق جايىغا قويۇلىدۇ. تاشقى ھويلا بىلەن ئىچكى ھويلا ئەگۈن ئىشىكلىك تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. قەشقەر شەھىرى ئىچىدە يەر ئىنتايىن قىس، ئاھالە زىچ بولغاچقا، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ بوشلۇقتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇش سىغىمى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىسىمۇ، ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى.

قەشقەر شەھىرىدىكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى تار بولغاچقا، غۇلجا ۋە باشقا بىر قىسىم شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدىكىدەك قورۇ ئىچىدە سەي - كۆكتات تېرىيدىغان ياكى ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدىغان باغچىسى بولمايدۇ. ئەمما، قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى ھەممە ھويلىلاردا تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرۈلىدۇ. بەزى چوڭراق ھويلا - ئارانىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى، پېشايۋان ۋە ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ بېزىلىشى، كاھىشچىلىق، نەققاشچىلىق، ئويمىكارلىق قاتارلىق گۈزەل سەنئەت ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك بىرىكىشى پەردازچىلىقتا كۆرۈلىدۇ. دەرۋەقە، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي رايونلىرىدىكى تۆتاش كەتكەن تار ھەم ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز - پەس سوقۇلغان سۇۋاق تاملار، ھەربىر ئائىلە ئۆز تەۋەلىكىدىكى كوچا ئۈستىنى لەمپە قىلىپ يېپىپ، لەمپىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بالىخانىلىق ئۆيلەر كىشىنى «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى سىرلىق قورغانغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما، كوچىغا قارىتىپ ئېچىلغان قوش قاناتلىق پۈختا ياسالغان پەلەمپەيلەر، گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدە كىرىشتۈرۈلگەن پەۋازلار، ئويما نەقىش بىلەن بېزەلگەن بىر

قىلىپتىكى پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، ھويلىنىڭ چۆرىسىگە قويۇلغان گۈل تەشتەكلىرىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر رىۋايەتلەردىكى باغئېرەمنى ئەسلىتىدۇ.

ئۆي ئىچى توزغاق ئاربلاشتۇرۇلغان ئەۋرىشىم لاي بىلەن سىلىق سۇۋىلىپ ئاقارتىلىدۇ. مېھمانخانا قاتارلىق ئاساسلىق ئۆيلەر يەنە 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا گەج بىلەن قايتىلاپ سۇۋىلىدۇ. گەج مەلھىمىگە ئاز مىقداردا تۇخۇمنىڭ ئېقى ئاربلاشتۇرۇلغاچقا، گەجخار قىلىنغان تام ھەم سىلىق، ھەم پارقىراق، ھەم چىدامىلىق بولىدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ قىبلە تەرىپىگە ياكى ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق تەرىپىگە مېھراب چىقىرىلىدۇ. دېرىزە قويۇلغان تامدىن باشقا تاملارنىڭ ھەممىسىگە تەكچە چىقىرىلىدۇ، بەزى چوڭراق مېھمانخانىلارنىڭ تەكچىسىمۇ قوش قەۋەت بولىدۇ ۋە مۇۋاپىق ئۆلچەم بىلەن بىرقانچە (كۆپرەك ئىككى) بۆلەككە ئايرىلىدۇ. مېھراب ۋە تەكچىلەرنىڭ ئۇستى قىسمى يەككە بۆرەك ياكى قوش بۆرەك شەكلىدە گەجدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، پەۋازلىرىمۇ گەج ئويما نەقىش بىلەن بېزىلىدۇ. بۇ نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى يېشىل ياكى ھاۋا رەڭدە سىرلىنىدۇ، بەزى ئۆيلەرنىڭ نەقىشلىرى سىرلانمايدۇ. مېھمانخانىغا ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىر ياكى ئىككى دېرىزە قويۇلىدۇ. دېرىزە ئىككى كۆزلۈك ياكى ئۈچ كۆزلۈك بولۇپ، بىر مېتىردىن بىر يېرىم مېتىرغىچە كەڭلىكتە بولىدۇ. دېرىزە ھويلىغا قارىتىپ ئېچىلغان بولۇپ، سىرتقى يۈزىگە قوش قاناتلىق ياغاچ قاپقاق بېكىتىلىدۇ. ئىچكى ھويلىدىكى ئايۋان ساراي ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە دېرىزە ئورنىتىلماي، ئۈستىدىن تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ، مېھمانخانا ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالدى يۈزى يېرىم دۈگىلەك شەكىلدە قىرىلغان بىر خىل ئۆلچەملىك جەگە ياغاچ بىلەن يېپىلىپ، ئارىسى ۋاسا جۈپ بولىدۇ. ۋاسا جۈپ قىلىنىدىغان جەگە ئارىلىقى ئادەتتە 40 — 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، جەگىلەر تاق سان بويىچە، يەنى (7، 9، 11......) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش

ئېھتىمال ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاق سان مۇقەددەسلىكى. ئۇدۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ھەربىر جەگىنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئالدى يۈزىگە خىلمۇخىل شەكىلدىكى نەقىشلەر ئويۇلىدۇ. جەگە ۋە ۋاسىدا ياغاچلارنى قۇرت يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياغاچ رەڭگىدىكى سۇسراق لاك بىلەن ھەل بېرىلىدۇ. تورۇس بىلەن تامنىڭ تۇتىشىدىغان ئورنى (ھاراق قىسمى) رەڭلىك ياغاچ ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ ئاستى گىرۋىكىگە گەج ئويما نەقىش چىقىرىلىدۇ. مېھمانخانىنىڭ مېھرابىغا ئەتىۋارلىق يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلىپ، ئۈستى چىرايلىق رەخت ياكى يىپەك ياپقۇچ بىلەن يېپىلىدۇ. تەكچىلەرگە ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدىغان چىنە - پىيالىلەر، خىرۇستال بۇيۇملار، ساماۋار ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى، گۈل ۋازىلىرى رەتلىك تىزىپ قويۇلىدۇ. ھەرقانداق مېھمانخانىنىڭ ئاستىغا يارىشىملىق گىلەم سېلىنىپ، چۆرىسىگە يېكەنداز سېلىپ قويۇلىدۇ. مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ مورىلىق ئوچاق ياسىلىدۇ. ئوچاقنىڭ ئالدى يۈزىگە تەخمىنەن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە كۈندىلەك قاشقا (بۇرۇن) چىقىرىلىپ گەج بىلەن قاپلىنىدۇ. قاپارتما شەكىلدە چىقىرىلغان بۇ ئوچاقنىڭ گىرۋەكلىرىگىمۇ سىممېترىيەلىك ھالدا نەقىش ئويۇلىدۇ. مېھمانخانىنىڭ بېزىكى سۈپىتىدە ئويۇلغان بۇ ئوچاققا ئاساسەن ئوت يېقىلمايدۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەسلىھە قۇرۇلمىسىدۇر.

قەشقەر شەھەرئىچى ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى ئاساسەن خام كېسەكتە قوپۇرۇلغان بولۇپ، قېلىن قىلىپ ياسىلىدۇ (ئادەتتە 0.5 مېتىر قېلىنلىقتا). بۇنىڭدىن مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئۆينى يازلىقى سالقىن، قىشلىقى ئىسسىق قىلىش، يەنى مۇقىم ھارارەتنى ساقلاش؛ ئىككىنچىدىن، تاملارغا تەكچە ۋە مېھراب ئويۇش ئۈچۈندۇر. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر شەھەر ئىچىدە سانى چەكلىك بولغان يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدارلار ۋە بايلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى

پىشىق خىش قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ سانى ئۈچ خانىلىق سانغىمۇ يەتمەيتتى.

قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، چوڭ كوچا بويلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ كوچا تەرىپىگە دۇكان ياساشتىن ئىبارەت، بولۇپمۇ ئۆستەڭبويى كوچىسى، خام بازىرى، چاسا، ئوردا ئالدى، ئەنجان كوچىسى. ھۈنەر - كەسىپ ۋە سودا - سېتىق مەركەزلەشكەن كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھويلىسىنىڭ كوچا تەرەپ تېمىغا يۆلەپ دۇكان ياساپ ئۆزى ئاچقان ياكى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرگەن. شەھەر ئىچىدە يەر - زېمىن ئىنتايىن قىس بولغاچقا، شەھەر خەلقىنىڭ ئېڭىدا «يەر — ئالتۇن قوزۇق» دېگەن قاراش مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەرلىكلەر بىر چامدام يەردىنمۇ ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن. كۆپچىلىك ئاھالىلەرنىڭ ھاجەتخانىسى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە بولۇشتەك «غەلىتە»لىكنى كۆرگەن باشقا يۇرتلۇقلار بۇ شەھەرلىكلەرنى مازاق قىلىشى مۇمكىن، ۋاھالەنكى بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. شەھەردە يەر قىس بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك شارائىت ھەمدە شەھەر خەلقىنىڭ ئولتۇراق ئۆي مۇھىتىنى ياخشىلاشتىكى تەلەپ - تەدبىرلىرى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان، لېكىن قەشقەر خەلقى پاكىزلىقنى سۆيىدۇ، ئائىلە تازىلىقىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھاجەتخانىنى ھەر قېتىملىق ھاجەتتىن كېيىن زاپاس قويۇلغان قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈۋېتىپ سېسىق پۇراق ۋە ھاشاراتلاردىن ساقلايدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ھەر كۈنى كىرىدىغان ئوغۇتچىلار قەرەللىك كۈندە بۇ قىغلارنى يۆتكەپ كېتىدۇ. شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇش سايىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئولتۇراق ئۆي مۇھىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆگزىلەردىكى «قۇرۇق توپىلىق ھاجەتخانا» لارنىڭ ئورنىنى «سۇلۇق ھاجەتخانا» لار ئىگىلىمەكتە.

يېزا - قىشلاق ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى

شەھەر ئۆيلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن خېلى چوڭ پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى جەھەتلەردىكى ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىققان. ھويلا- ئارانىڭ چوڭ بولۇشى، ئۆيگە يانداپ باغباراڭ بىنا قىلىش، ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەڭ پېشايۋان قويۇش، ئۆيلەرنى كەڭ پىچىش، ئايۋان سارايلىق بولۇش، كۆپ ھاللاردا بىر قەۋەتلىك بولۇش، ھەر بىر قورۇ - جاينىڭ تۆت ئەتراپىدا بوشلۇق بولۇش، ئۆيلەرنىڭ خانىلىرى ھەم چوڭ، ھەم كۆپ بولۇش (ئەڭ كىچىك ئۆيلەرمۇ مېھمانخانا، دەھلىز، ئايۋان ساراي ۋە قازناقتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ)، ئادەم يېتىپ- قوپىدىغان ئاساسلىق ئىمارەتلەر بىلەن مال قوتانلىرى ۋە ئېغىل ئامبارلار ئايرىم بولۇش، پېشايۋاننىڭ ئالدى ئۈزۈم باراڭلىق بولۇش، ئۆيلەرگە چۈشىدىغان يورۇقلۇق تەلىپىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولماسلىقى، ئۆي بېزەكلىرىنىڭ ئاددىي - ساددىراق بولۇشى، لاي سۇۋاقلىق ئۆيلەرنىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىشى، قورۇ ئىشىكلىرىنىڭ چوڭ ھەم پۇختا ئىشلىنىشى، ئۆي ماتېرىياللىرىنىڭ قوپاللىراق بولۇشى، ئۆيلەرنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە كۆل ئەتراپلىرىغا مەركەزلىشىشى، ئۇرۇق - جەمەتلەر توپى بىر مەھەللە بولۇپ شەكىللىنىشى قاتارلىقلار يېزا - قىشلاق ئولتۇراق ئۆي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان خاراكتېرلىك بەلگىلىرىدۇر. لېكىن، يېزا - قىشلاق ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ فورمۇلاغا سېلىشقا بولمايدۇ. ئۆي - ئىمارەتلەر ماھىيەت جەھەتتىن مۇئەييەن دەرىجىدە مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيەسىگە ئىگە بولغاچقا، مەلۇم بىر ئولتۇراق ئۆينىڭ ئۇسلۇبى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەم ئوبيېكت، ھەم سۇبيېكت تەلەپلىرىگە ماس ھالدا شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئورنىنى، مەدەنىيەت قىزىقىشى ۋە ئېستېتىك تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشقا ماسلىشىش ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان ئۆزگىچىلىكتۇر.

ئادەتتە شەھەر - بازارلارغا يېقىن يېزىلار (مەسىلەن، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى نەزەرباغ، شامالباغ، قوغان، سەمەن،

بەشكېرەم، ئاۋات...... قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەر) دىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى، ئۇسلۇبى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن شەھەردىن يىراق چەت رايونلار (مارالبېشى، مەكىت، قاغىلىق، يوپۇرغا، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلىرى) دىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى پەرقلىنىدۇ. شەھەرگە يېقىن يېزىلاردىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى باغباراڭلىق ۋە ئېغىل ـ قوتانلىق قۇرۇلمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەر ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سېلىشتۇرما سۈپىتىدە قەلەم ساھىبى بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى تەۋەللۇت بولغان شەھەردىن 7 — 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇچى يېزىسىدىكى 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۆيىمىزنىڭ تەسۋىرىي خەرىتىسىنى سىزىپ كۆرسىتەي. بۇ ھاللىق سەۋىيەدىكى دېھقان ئۆيى تۆۋەن قازىرىق ئۆستىڭىنىڭ شىمالىي لېۋىگە جايلاشقان. قورۇنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان. دەرۋازا ھويلىغا كىرىدىغان كەڭلىكى 4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىرلىق ئۈستى يېپىق چوڭ دالانغا تۇتاشقان. دالاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئات، ئېشەك ۋە كالا ئېغىلى جايلاشقان بولۇپ تام ۋە ياغاچتىن ياسالغان رېشاتكا ئارقىلىق ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغان. ئېغىلنىڭ شەرق تەرىپىگە، يەنى قورۇنىڭ كوچا تەرەپ تېمىغا يۆلەپ ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىك بېكىتىلگەن بېدىخانا (قۇرۇتۇلغان بېدىنى قاچىلايدىغان ئۆي)، سامانخانا جايلاشقان. بېدىخانا ۋە سامانخانىنىڭ ئېغىل تەرەپتىكى ئىشىكلىرىدىن باشقا ئۆگزىسىدىن تۈڭلۈك ئېچىلغان بولۇپ، شۇ تۈڭلۈك ئارقىلىق بېدە ۋە سامان ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قاچىلانغان. ئېغىلغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن يەنە بىر ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ بېدىخانا ۋە سامانخانىغا تۇسۇق تام ئارقىلىق تۇتىشىدىغان ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدۇر. ھاجەتخانا ياغاچ ۋە قېلىن شاللار بىلەن 2 مېتىردىن ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ ياسالغان بولۇپ، ھاجەت ئورىكىنىڭ ئالدىدا 10 — 12 كىۋادرات مېتىرلىق بوشلۇق بار. بۇ

بوشلۇقنىڭ ئېغىل تەرەپ تېمىغا بىر ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، توپلانغان قىغ - ئوغۇتلار شۇ ئىشىك ئارقىلىق ئېتىز - ئېرىقلارغا ۋاقتى - ۋاقتىدا يۆتكەپ كېتىلىدۇ. هاجەتخانىنىڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان تېمىدىن مۇۋاپىق ئۆلچەمدە هاۋادان (ئويۇقچە، رام - كېشەكسىز پەنجىرە) ئېچىلغان. ئېغىلغا يورۇقلۇق چۈشىدىغان چوڭ تۈڭلۈك قويۇلغان. دالاننىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئات - ئۇلاغ ۋە هارۋا جابدۇقلىرى (ئېگەر - توقۇمدىن تارتىپ ئارغامچا - توقۇناقىچە) قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قورال - جابدۇقلارنى قويىدىغان ئىسكىلات ئۆي جايلاشقان. هويلا دالان ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان بولۇپ، هويلىنىڭ ئىشىكى دالاننىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىن ئېچىلغان. ئاساسىي تۇرالغۇ ئۆيلەر كۇندىلەڭ شەكىلدە هويلىغا قارىتىپ ياسالغان. هويلا كىۋادرات شەكلىدە بولۇپ، كۆلىمى 100 كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. هويلىنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپىگە بىر قەۋەتلىك تۇتاش ئۆي سېلىنغان. شىمالىي بۆلەكتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە، غەربىي بۆلەككە سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان. غەرب تەرەپتىكى ئۆي دەهلىز ۋە چوڭ مېهمانخانا بولۇپ، مېهمانخانىنىڭ هويلا تەرەپ تېمىغا بۆرەكچە شەكىللىك ئۈچ دېرىزە ئورنىتىلغان. دەهلىزگە سىممېتىرىك هالدا ئىككى ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ، جەنۇب تەرەپتىكىسى مېهمانخانىغا كىرىش ئىشىكى، شىمالدىكىسى شىمال تەرەپكە سېلىنغان ئۆيلەرگە كىرىش ئىشىكى. بۇ ئىشىك ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ هەممىسى بىر - بىرىگە تۇتاشقان. شىمالىي بۆلەكتىكى ئۆيلەرنىڭ هويلىغا قارايدىغان چوڭ ئىشىكى ئارقىلىق دەهلىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، دەهلىزنىڭ شەرق تەرىپىگە بىر دېرىزىلىك كىچىك مېهمانخانا ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلغان، غەرب تەرىپىگە بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىدىغان ئايۋان ساراي جايلاشقان. ئايۋان ئۆيگىمۇ بىر دېرىزە قويۇلغان.

شىمالىي بۆلەكتىكى بۇ ئۆيلەر ئاساسەن ياتاقخانا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. شىمالىي بۆلەكتىكى دەھلىزنىڭ شىمالىي تېمىدىن يەنە بىر ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ تەرىپىگە ئاشخانا ئۆي جايلاشقان. ئاشخانا ئۆيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يەنە بىر قازناقلىق ياتاق ئۆي، غەرب تەرىپىدە ئاشلىق ئامبىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان چوڭراق ئايۋان، ئايۋان ئۆيىنىڭ شەرقىي شىمالى چوڭ دەھلىز ئارقىلىق ئوتۇنخانا، تونۇرخانا قاتارلىق ئېچكىرى- تاشقىرى قات - قات ئۆيلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ مۇلازىمەت ئۆيلىرىنىڭ شىمالىي تېمىغا ئورنىتىلغان بىر ئىشىك ئارقىلىق ئەنجۈر ۋە ئۈزۈم ئەھيا قىلىنغان، چۆرىسى ئېگىز سوقما تام بىلەن قاشالانغان كىچىك باغقا تۇتىشىدۇ. بۇ ئاساسىي ئىمارەتلەر چوڭ- كىچىك 12 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەڭ چوڭ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ كۆلىمى 35 كىۋادرات مېتىر، ئەڭ كىچىك دەھلىز ئۆيىنىڭ كۆلىمى 10 — 12 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئالدى يۈزىگە تۇتاش پېشايۋان قويۇلغان بولۇپ، ھويلىغا قارايدىغان ئىككى چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتىن باشقا، پېشايۋاننىڭ ئاستىغا سۇپا باغلانغان. ھويلىغا قارايدىغان ئىككى ئاساسىي ئىشىك قوش قاناتلىق بولۇپ، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر ئەتراپىدا. مېھمانخانا ۋە دەھلىز ئۆيلەرنىڭ جەگە ۋە ھاراق ياغاچلىرى ناھايىتى تاللانغان بولۇپ، ئۈستى ۋاسا جۈپلۈك، قالغان ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ۋاسىدەميانلىق قىلىپ يېپىلغان. مېھمانخانا، دەھلىز، ئايۋان ساراي، ياتاق ئۆيلەرگە مورىلىق ئوچاق چىقىرىلغان. مورىنىڭ تۈرخۇنى تامنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ، ئوچاق قىسمىنىڭ ئۈستى 1.2 مېتىر ئەتراپىدا بۆرەكچە شەكىلدىكى ئوچاق ئېغىزى (ئادەتتە مورا دەپ ئاتىلىدۇ) ياسالغان. مورىنىڭ ئۈچ بۆلۈك شەكىلدىكى ئۈستى يۈزىگە پەنەر ياكى جىنچىراغ قويۇلىدۇ. بۇ ئوچاقلار ھەم ئاش - تاماق ئېتىش، ھەم ئىسسىنىش ئەسلىھەسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. مورىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەكچە چىقىرىلىپ قىبلە تامغا مېھراب («مەرەپ»)

دېيىلىدۇ) ياسالغان. مەرەپ ئاساسەن كىۋادرات شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىگە «مەرەپ ياپقۇ» يېپىپ قويۇلغان. ئۆينىڭ تاملىرى ھەم ئېگىز، ھەم قېلىن (ئېگىزلىكى 3.5 — 3.8 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 0.5 — 0.7 مېتىرغىچە) بولۇپ كاكىل لاي (توزغاق ياكى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي) بىلەن سىلىق سۇۋالغان. چوڭ مېھمانخانىدىن باشقا ئۆيلەر ئاقارتىلمىغان. دېرىزە ئورنىتىلمىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە تۈڭلۈك ئېچىلغان. مېھمانخانا ۋە ياتاق ئۆيلەرنىڭ تېمىغا 0.6 — 0.7 مېتىر ئېگىزلىكتە زەدىۋال تارتىلغان. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى سىدامراق بولۇپ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، جەگە ۋە هاراق قىسىملىرىغا ئاددىيراق ياغاچ ئويما ئىشلەنگەن. تۈۋرۈكلەر قىر چىقىرىلغان يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، سىرلانمىغان. دېرىزىلەر ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئۈستى مېھرابچە شەكىلدە ئويۇلغان. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت تىپىگە مەنسۇپ. پەقەت ئۆينىڭ ئۇلى ۋە پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىلارنىڭ ئالدى پەزلىرى پىشىشىق خىشتا قوپۇرۇلغان. ھويلىنىڭ دالانغا تۇتىشىدىغان تېمىغا يۆلەپ تەخمىنەن 1.5 مېتىر كەڭلىكتە خام كېسەكتىن پەلەمپەي ياسالغان بولۇپ، كاكىل لاي بىلەن قېلىن سۇۋالغان. پەلەمپەي دالاننىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان پېشايۋان ئاستىدىكى بوشلۇق ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىكى ئۆگزىگە تۇتىشىدۇ. بۇ 2 - قەۋەتتىكى كىچىك پېشايۋاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىدە يەنە بىر چوڭراق ئامبار ئۆي بىلەن شىمالىي تەرىپىدە ئىچكى - تاشقى بۆلەككە ئايرىلغان بىر ئىشىكلىك بالىخانا ئۆي ئورۇنلاشقان. بالىخانا ئۆينىڭ يېنىدىن ئاساسىي ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىدىغان ئۇچ پەلەمپەيلىك ئەگەن ئىشىك ئورنى قويۇلغان. جەنۇب تەرەپتە يەنە بىر ئۆگزە بولۇپ، بۇ ئۆگزىنىڭ تۆت ئەتراپى سىراج تام بىلەن قورشالغان. ئۇنىڭغا شاخ - شۇمبا ۋە بېدە قاتارلىق يەم - خەشەكلەر قويۇلغان. ھەممە ئۆگزىلەر سامانلىق لاي بىلەن تەكشى سۇۋالغان بولۇپ، ئۆرۈكنى

يېيىپ گۈلە قورۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ ئۆگزىنىڭ غەربىي تېمى باغقا تۇتىشىدۇ. ئۆگزىنىڭ كوچا تەرەپتىكى شەرقىي تېمىغا يانداپ قونداقلىق كەپتەرخانا سېلىنغان.

ھويلىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە چوڭ باغقا چىقىدىغان ئىشىك ئېچىلغان. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلى دالان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىگە ئامۇت، ئانار قاتارلىق ھۆل مېۋىلەر ساقلىنىدىغان چوڭ ئامبار سېلىنغان. دالاننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئىشىك ئارقىلىق 15 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدىكى قوي قوتىنىغا چىقىدۇ. قوي قوتىنىنىڭ 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئالدى تېمى بوشلۇق بولۇپ، بوشلۇقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 2 قەۋەتلىك ئامبار (ئاستى ئوتۇنخانا، ئۈستى سامانخانا) سېلىنغان. بوشلۇقنىڭ غەربىي تەرىپى باغنىڭ تېمى بولۇپ، باغقا چىقىدىغان ئىشىك ئورنىتىلغان. 5 مو ئەتراپىدىكى بۇ باغنىڭ ئەتراپى 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سوقما تام بىلەن قورشالغان. باغنىڭ ئىمارەت بىلەن تۇتىشىدىغان شەرقىي تېمىدىن تەخمىنەن 30 مېتىر يىراقلىقتا چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر كېلىدىغان بىر كۆل كولانغان بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ھەر خىل سورتلۇق مېۋىلىك كۆچەتلەر (شاتۇت، جىنەستە، ئالگىرات، ئەينۇلا، شاپتۇل...... قاتارلىقلار) قويۇلغان. كۆچەتلەر ئارىلىقىدىكى تەكشىلەنگەن يەرلەرگە بىر ئائىلىنى قامدىغۇدەك ھەر خىل سەي ـ كۆكتات تېرىلغان. كۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كۆلدىن 5 — 6 مېتىر يىراقلىقتا بىر شىپاڭ ياسالغان. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ئوچۇق بولۇپ، بىرقانچە تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ ئۈستى كەڭ ئۈچ بۆلۈك شەكلىدە ياغاچ جازا بىلەن يېپىلغان. شىپاڭنىڭ ئاستى يۈزىگە 80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە رېشاتكا ئورنىتىلغان.

شەرق ۋە غەربىي تەرىپى ئۈزۈملۈك باراڭ بولۇپ، باراڭنىڭ ئۈچى شىپاڭنىڭ ئۆگزىسىگە تۇتىشىدۇ. ياز كۈنلىرى بۇ شىپاڭ مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. باغنىڭ قالغان قىسمىغا ئۆز رېتى بىلەن ھەرخىل سورتلۇق ئۆرۈك ۋە كۆك ئامۇت (قەشقەر ئامۇتى) تىكىلگەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقتىن دائىم سۇ ئېقىپ

تۇرىدۇ. بۇ سۇ باغ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى تەمىنلەيدۇ.

دېمەك، بىز تەسۋىرلىگەن بۇ ئىمارەت شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان ھاللىق دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شەھەرگە يىراق سەھرا ئۆيلىرىگە ۋەكىل قىلىپ، باللىق مەزگىلىمدە (ئازادلىق ھارپىسىدا) دادامغا ئەگىشىپ بارغان يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ياپچان يېزىسىدىكى سۇلتان ئاخۇن ئىسىملىك شىرەم تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىنى تونۇشتۇراي: بۇ ئۆي قەشقەر - يېڭىسار تاشيولىنىڭ شەرقىدىكى ھارۋا ماڭالايدىغان چىغىر يولنىڭ ئىچكى لىنىيەسىدىكى شور ئاقتۇرىدىغان زەيكەشنىڭ شىمالىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، «قۇرغۇي جاڭزىسى» دەپ ئاتالغان. «قۇرغۇي» ئۆي ئىگىسى سۇلتان ئاخۇننىڭ ئائىلە لەقىمى بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ قولغا كۆندۈرۈلگەن بىر جۈپ قۇرغۇيى بولغان. قىش كۈنلىرى سۇلتان ئاخۇن ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان جاڭگاللىقتا بىرىپ قۇرغۇيلىرى ئارقىلىق توشقان ئوۋلاشقا ئادەتلەنگەچكە، يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا «سۇلتان قۇرغۇي» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان ۋە بۇ ئائىلىمۇ شۇ لەقەم بىلەن ئاتالغان. «قۇرغۇي» جاڭزىسىنىڭ ئەتراپى قويۇق ۋە ئېگىز ئۆسكەن سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان. بۇ جاڭزىنىڭ ئىچى دالان، ھويلا، ئاتخانا، كالا ئېغىلى، قوي - ئۆچكە قوتىنى، ئولتۇراق ئۆي - ئىمارەت، ئامبار ۋە باغ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئولتۇراق ئۆي قىسمى كۆلەم جەھەتتىن تەخمىنەن يىرىم مودىن كۆپرەك يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھويلىغا قارىتىپ سېلىنغان. بۇ ئۆيلەر مېھمانخانا، دەھلىز، ئايۋان ساراي، ياتاق ئۆي، قازناق، قىشلىق ئاشخانا قاتارلىق ئون نەچچە ئېغىز ئۆيگە ئايرىلغان، چاسا شەكىللىك، تەكشى يۈزلۈك، تاش - توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت تىپىگە مەنسۇپ. كۆلەم جەھەتتىن ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چوڭى 6 × 8m، ئەڭ كىچىكى 4 × 5m ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئارقا تېمى يېرىمى سوقما، يېرىمى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، تام

ئارىلىقلىرىغا تۈۋرۈك ئېلىنىپ، ئۈستىنىڭ ئۈستى يېپىقىدىكى لىم (خا ياغىچى) بىلەن تۇرۇملانغان. مېھمانخانا ۋە دەھلىزدىن باشقا ئۆيلەرنىڭ بۆلۈنمە تاملىرى «قوشام تام» بولۇپ، تام ئۇلىغا زەگۇندە، زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك قويۇلغان. بەزى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇلىغا ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان سوقۇما قويۇلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىغا يەنە ئايرىش تۈۋرۈكى، بۇ تۈۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق ياغاچ ئورنىتىلىپ تام گەۋدىسى مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئاندىن قومۇش ۋە يۇلغۇن بىلەن تەكشى چىتلاپ قوشام تام ياسالغان. تامنىڭ ئىككى يۈزى كاكىل لايدا تەكشى سۇۋالغان بولۇپ، قېلىنلىقى تەخمىنەن 15 — 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۈينىڭ لىم ياغاچلىرى تام ئارىسىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچى بىلەن تۇرۇملىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەگە قويۇلغان. جەگىلەرنىڭ ئارىلىقى ۋاسىدەميان قىلىنغاندىن كېيىن ۋاسا ئۈستىگە قومۇش ياكى بورا، بەزىلىرىنى تال چىۋىقلاردىن توقۇلغان چىتلاق بىلەن چۈمكىگەندىن كېيىن، ئۈستىگە پاخال سېلىنىپ ئاندىن نەمرەك توپا بىلەن باسۇرۇپ ئۈستىدىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ مورىسى تام ئارىسىغا ئېلىنماي، ئۆي ئىچىدىن كېسەك ئارقىلىق قاپارتما شەكىلدە ئايرىم ياسالغان.

مېھمانخانا ۋە ئايۋان ساراي ناھايىتى چوڭ ياسالغان، تاملىرىنىڭ ئۇلى قاڭدالغاندىن كېيىن تەبىئىي تاش قويۇلۇپ، تاش ئۇلنىڭ ئۈستىگە كېسەكتىن تام قوپۇرۇلغان. تام ئارىلىقلىرىغا ئارىلاپ ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلۇپ، تۈۋرۈكنىڭ ئاستى زەگۇندىگە قوندۇرۇلغان، ئۈستى ئۇچى ئۆينىڭ ھاراق ياغىچىغا مىخلانغان ياكى تۇرۇملانغان. مېھمانخانىنىڭ ئۈستى 15 جەگە ۋە ۋاسىلار سىدام بولۇپ، نەقىش ئويۇلمىغان. مېھمانخانا ئۆيگە مەرەپ ۋە تەكچە قويۇلغان، تەكچىلەرگە چىنە ـ قاچا، كاۋا ـ قاپاق، قوغۇن ـ تاۋۇزلار تىزىپ قويۇلغان. مېھمانخانا ئۆيگە ھويلا تەرەپكە قارايدىغان 2 پەنجىرىلىك دېرىزە ئېچىلغان بولۇپ، پەنجىرىلەر سىممېتىرىيەلىك شەكىلدە بىر ـ بىرىگە يېرىم سانتىمېتىر

قېلىنلىقتىكى ياغاچ تاسمىنى كىرىشتۈرۈپ گېئومېتىرىيەلىك كاتەكچە شەكلىدە ياسالغان. ئۆيلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاقارتىلمىغان. مېھمانخانا ۋە ئۇنىڭ دەھلىزىگە ئوچاقنى مەركەز قىلغان ھالدا چۆرىدەپ گۈللۈك سەرگەز زەدىۋال تاقالغان. ئاستىغا بورا سېلىنىپ، ئۈستىگە تەڭلىمات كىگىز (گۈللۈك كىگىز) سېلىنغان. دەھلىز، ئايۋان ساراي ئۆيلەرگە ئالدىدا بوشلۇق قالدۇرۇپ سۇپا باغلانغان. پېشايۋان ھەم چوڭ، ھەم ئېگىز بولۇپ ئاستىغا ئۆينى بويلاپ سۇپا باغلانغان. پېشايۋاننىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە پېشايۋان ئېگىزلىكىدە ئۈزۈم بارىڭى ياسالغان. باراڭنىڭ ئاستىغا 4×3 كىۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بىر كارىۋات قويۇلۇپ، ئۈستىگە كىگىز سېلىنغان. ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ھارۋا پاتقۇدەك چوڭلۇقتا شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان. ئىشىك چوڭ دالانغا تۇتاشقان بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ئاچا تۈۋرۈك بېكىتىلىپ، ئۈستى شىپاڭ شەكلىدە تەكشى يۈزلۈك قىلىپ يېپىلغان. دالاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە يول ياقىلىتىپ ئۇزۇن «قوشام تام» (چىتلاق) ياسىتىلىپ، ئات، كالا، ئېشەك ۋە قوي - ئۆچكە قاتارلىق چارپايلار ئۈچۈن ئايرىم ئېغىل - قوتان سېلىنغان. بۇ ئېغىل - قوتانلارمۇ «قوشام تام» ئارقىلىق بۆلۈنگەن ۋە ھەربىرىگە دالان تەرەپتىن ئىشىك ئېچىلغان. دالاننىڭ سول تەرىپىگە «قوشام تام» لىق ئۈچ چوڭ ئامبار - ئىسكىلات ياسالغان. ئامبارنىڭ بىرى ياغ تارتىدىغان جۇۋازخانا، بىرى ئوت - سامان قاچىلايدىغان سامانخانا، يەنە بىرى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ جابدۇقلىرى قويۇلىدىغان ئىسكىلاتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىشىكلىرى ئېغىل - قوتانلارنىڭ ئىشىكى بىلەن پاراللېل ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دالاننىڭ ئۇ تەرىپى چوڭ ھويلىغا تۇتىشىدۇ. ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنى ۋە بالابېشى قىسمى كېسەك بىلەن ياسىلىپ كاكىل لايدا سۇۋۇۋېتىلگەن، قالغان تەرەپلىرى قوشام تام بىلەن كىۋادرات شەكلىدىكى ھويلا ياسالغان. ھويلىنىڭ غەربىي تەرىپى چوڭ باغ بولۇپ، باغنىڭ ئۈچ تەرىپى (بىر تەرىپى

ئۆي ۋە هويلا تېمىغا تۇتىشىدۇ) ئىككى رەت ياۋا جىگدە ۋە بىر رەت جىغان قاشالانغان بولۇپ، بۇ «يېشىل تام» ئارىلىقىدىن قۇشقاچمۇ ئۆتەلمەيدۇ. باغنىڭ بىر قىسمىغا ئۆرۈك، ئامۇت، شاپتۇل، ئۈجمە ۋە قاق ـ جىگدە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر قويۇلغان، يەنە بىر قىسمىغا زىغىر، قىچا ۋە كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغان. قالغان بوش ئېتىزلارغا قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا ـ قاپاق تېرىلغان، تام سۈپىتىدىكى بىر ـ بىرىگە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ ئۆسكەن جىگدە، جىغان ئارىلىرى توخۇلارنىڭ تەبىئىي «كاتەك» لىرى بولۇپ، توخۇلار بۇ «كاتەك» تە هەم تۇخۇم چىقىرىپ، هەم چۈجىلەپ، سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئاۋۇپ كەتكەن. هېلىمۇ ئېسىمدە، بىز بۇ ئۆيدىكى تەڭتۇش بالىلار بىلەن جىغان ئارىسىدىن «سۆڭگۆچ» ياساپ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ هەش ـ پەش دېگۈچە بىر سېۋەت تۇخۇم يىغىۋالدۇق. سەهرا ئاتا قىلغان بۇ تەبىئەت هېرىسمەنلىكى گەرچە يېرىم ئەسىر ئۆتسىمۇ زادى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى ئاشۇ تۇيغۇ ـ تەسىرات ياشانغان چېغىمدا يېزىۋاتقان بۇ بىناكارلىق رىسالىسىگە يىراق سەهرادىكى «قۇرغۇي جاڭزىسى» نىڭ تەسۋىرىي خەرىتىسىنى سىغداپ كىرگۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇرلىغان بولسا كېرەك.

قىسقىسى، دېهقانچىلىقنى ئاساس، ئائىلە باقمىچىلىقىنى قوشۇمچە قىلىپ ياشىغان بۇ ئائىلىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى كۆرۈنۈش جەهەتتىن ئانچە هەشەمەتلىك ۋە كۆركەم بولمىسىمۇ، ئۇسلۇب جەهەتتىن كەڭ ۋە ئازادىلىكى، ئۆيلەرنىڭ پۇختا ۋە سىداملىقى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، يەر تەۋرەش، زەيلىشىپ كېتىش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنىڭ زورلۇقى، ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىقا ئىگە بولۇشتەك ئالاهىدىلىكلىرى بىلەن قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تارىم ۋادىسىنىڭ چەت رايونلىرى، يەنى ئۇيغۇر دولانلىرى ئولتۇراقلاشقان مەكىت، مارالبېشى ۋە يەكەن، يوپۇرغا

ناھىيەلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن قوشنا رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى ۋە ئىگىلىك شەكلى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردىن ئۆزگىچىرەك بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ تۇپرىقى بوش، قۇمساڭ، تۆت پەسىل پەرقى ناھايىتى روشەن، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى، قۇم - بوران كۆپ. ئىگىلىك شەكلىدە دېھقانچىلىقتىن باشقا ئەنئەنىۋى ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىقمۇ خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىگەن. بۇ رايوندا ياشىغۇچى ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ تەرەپلەرنى ئالاھىدە ئويلىشىپ توقۇم (قوشام) تاملىق ئۆي، كۆتۈرمە ئۆي (ياغاچ قۇرۇلمىلىق ساتما ئۆي)، ئاددىي قۇراشتۇرۇلغان يۆتكىمە ئۆي (چېدىر ئۆي)، تاش - كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لاي تاملىق ئۆي قاتارلىق تۇرالغۇ ئۆي ئۇسلۇبلىرىنى ياراتقان. بۇنىڭ ئىچىدە توقۇم تاملىق ئۆي بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇنداق ئۆينىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى زەگۇندە، تۈۋرۈك، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرۇملاش ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قۇراشتۇرۇلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆيلەر يەر تەۋرىسىمۇ ياكى ئۆي ئورنىدىن زەي چىقىپ كەتسىمۇ ئاسان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر نىيە قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام ئۆي» لەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ساتما ئۆيلەر قۇم ۋە بوش - يۇمشاق تۇپراقلىق جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكلى بولۇپ، ئۇ تۆت جەگە ياغاچنى مەلۇم دائىرىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە قويۇلغان زەگۇندە ئۈستىگە قورۇقسىمان قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى چوڭ - كىچىك بادرا - ياغاچلار بىلەن چېتىپ، ئەتراپىنى تال چىۋىقلاردا ئالماپ توقۇپ، ئۈستىگە شاخ - شۇمبا سېلىپ تەييارلانغان. بەزى ساتمىلارنىڭ ئەتراپىنى كاكىل لايدا سۇۋاپ قويغان. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ساتما» دېگەن نام ئەسلىدە قەدىمكى ئارىيان تىلىدىن

كەلگەن بولۇپ، تەكشى ئۆگزىلىك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئاريان تىلىدا «ساتما» (satma) دېيىلگەن[1].

مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرىنىڭ قۇملۇق ۋە شورلۇق رايونلىرىدا ساتمىلار يەنە «چىتلاق» شەكلىدىمۇ ياسالغان. «چىت - قومۇش ۋە تىكەندىن قىلىنغان تام[2]» بولۇپ، بۇنداق چىتلاردىن قوتان، ئاپتاپخانا ۋە ئۆي تەييارلاش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چىت» — تام مەنىسىدە، چىتلاق — ئۆي مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇنى مىلادىيە 759 - يىلى تىكلەنگەن «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» دىكى «ئول يىل ‹ئۆتۈكەن كىدىن ئۇچىنتا› باشىنتا قاسار قۇردان ئورگىن ئىناتا ئىتتىدىم، چىت ئانتا توقتىدىم» (شۇ يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قۇردان ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمىنى ياساتتىم) دېگەن جۈملە ئىسپاتلايدۇ. دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشام تاملىق، سوقما تاملىق، كېسەك تاملىق، چالما تاملىق ياكى ياغاچ تاملىق (ساتما) ئۆيلەر بولسۇن، قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتە بىردىن چوڭ مەشرەپخانا ۋە مەشرەپ سۇپىسى، چوڭ دالان (مېھمانخانا) ۋە ئېغىل - قوتاندىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تۆڭلۈكلۈك بولۇپ، دېرىزە قويۇلمىغان. ئايۋان ساراي ۋە مېھمانخانىغا ئاسقا (ئۇيغۇر دولانلىرى بۇنى «چوقا[3]» دەپ ئاتايدۇ) بېكىتىلىپ، ئۇنىڭ بۇغا مۈڭگۈزى شەكلىدىكى ئىلمەكلىرىگە باش كىيىم ۋە باشقا كىيىم -

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى، 101 - بەت.

② ئابدۇقېيۇم خوجا: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى، 111 -، 118 - بەتلەر.

③ چوقا — كۆپ پۇتاقلىق دەرەخ شېخىنى كېسىپ، ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن ئوتتۇرىدىكى بىرسى تورۇسقا ئېسىلىدۇ. ئەتراپىدىكى شاخلىرىدىن 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ ئۇچى ئۇچلاپ قويۇلىدۇ.

كېچەكلەرنى ئېلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆينىڭ يان مورا چىقارغان تەرىپىگە ئېگىزلىكى بىر مېتىر، بىر گەز كەڭلىكتە چاپلىما تام قوپۇرۇپ ئىچىنى ئويۇقچە قىلىپ 2 — 3 جايدىن تۆشۈك قويۇپ ياسىغان ئورۇن ـ كۆرپە تىزىش ئورنى بولىدۇ. بۇنى ئۇلار «لىمتاق[1]» دەپ ئاتايدۇ.

بىز كۆپ تىلغا ئالغان مورا ئوچاق قەشقەر، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئەڭ ئومۇملاشقان ئۆي ئەسلىھەسى بولۇپ، ئۇ تاماق ئېتىش، ئىسسىتىش، تونۇر سۇپىتىدە پايدىلىنىش، ئۆيگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ۋە ھۆسن قوشۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە. مورا ئاساسەن ئۆينىڭ تۆر تېمىغا چىقىرىلىدۇ. مورىنىڭ پەس تەرىپى كەڭرەك ئېلىنىپ، ئۇ يەرگە تونۇر شەكلىدە ئوچاق سېلىنىدۇ. ئوچاقنىڭ تونۇر شەكىللىك ئاساسىي قىسمىغا قازان ئېسىلىدۇ. ئوچاقنىڭ پەگاھ تەرىپىگە (ئوتتۇن قالايدىغان ئالدى قىسمى) چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلىدۇ. ئوچاقنىڭ تامغا تۇتىشىدىغان ئارقا يۈزىدىن تام ئارىسىغا ئېلىنغان مورا تۈرخۇنغا توغرىلاپ ئېچىلغان بىر تۆشۈك (كامار) بولۇپ، ئىس ـ تۈتۈن شۇ ئېغىز ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. تاماق پىشقۇچە، ئوچاق «تونۇرى» نىڭ يۈزى قىزىپ تەييار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوچاقتىكى ئوتنى مۇۋاپىق تەڭشەپ يۈزىگە شاكىراب سېپىلىپ، نان ياكى سامسا يېقىلىدۇ. تاماقنى يەپ بولغۇچە نانمۇ پىشىدۇ. ئوچاققا يېپىلغان دېھقانچە جۈۋەندە نان ناھايىتى تەملىك ۋە يېيىشلىك بولىدۇ. ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپى بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە نېپىز كېسەك بىلەن مېھراب شەكلىدە قاپارتمىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ قىسمى «مورا بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مورا بېشىنىڭ ئۇستۇنكى تەكشى يۈزىگە سۈيىغى ئىشلىتىدىغان چىراغدان (ئادەتتە «جىنچىراغ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قويۇلىدۇ (ھازىر

---

[1] لىمتاق — يېرىم تام ياكى يېرىم پەلە، پەي مەنىسىدىكى ئاتالغۇ. «لىمتاق» نى پارسچە سۆز دېگۈچىلەرمۇ بار.

ئېلېكتىرلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، «جىنچىراغ» ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالدى).

قەشقەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىدە قاتالتىر ياكى چويۇندىن ياسالغان ئىسسىنىش ئەسلىھەسى — «مەش» تىن باشقا (مەش قويۇش قىسمەن ھاللىق ئائىلىلەردە كېيىنرەك پەيدا بولغان) «سەندەل» ۋە «سۇپا» كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە «سەندەل» قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي، ئەمما ئىقتىدارى ئالاھىدە بولۇپ، قىش كۈنلىرى ئىشلىتىلىدۇ. سەندەل ئاساسەن 50 — 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى كىۋادرات شەكىللىك تۆت پۇتلۇق «جوزا» بولۇپ، ئۈستى يۈزى شال بىلەن تەكشى مىخلانغان بولۇپ، ئۆينىڭ مۇۋاپىق تەرىپىگە سەندەل چوڭلۇقىدا تەييارلانغان ئويۇقچە ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ. ئويۇقچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇنىڭدىن سەل چوڭقۇرراق (تەخمىنەن 20×25 كىۋادرات سانتىمېتىر چوڭلۇقتا) چوغدان ياسىلىدۇ. چوغدانغا چوغ سېلىنغاندىن كېيىن، يوتقان بىلەن سەندەلنىڭ تۆت ئەتراپى ئورىلىدۇ. قىش كۈنلىرى پۇت - قولى توڭغان ئائىلە ئەزالىرى يالاڭئاياغ پۇتىنى سەندەلنىڭ ئىچىگە سوزۇپ ئىسسىنىدۇ. سەندەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكىمۇ ياكى كىتاب ئوقۇش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بوۋاق باللارنىڭ كۆرپە - زاكا قاتارلىق بۆشۈك جابدۇقلىرىنى سەندەل يوتقىنىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ قويسا ئىسسىپ قالىدۇ - دە، بوۋاقلار ئۇنىڭدىن راھەتلىنىدۇ.

ئومۇمەن، سەندەل مەش قويۇشقا قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەنئەنىۋى ئىسسىنىش ئەسلىھەسىدۇر. ھازىر يېزا - سەھرالاردىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئىپتىدائىي ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرىمۇ زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق ھالدا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلمەكتە. چۈنكى، مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇش، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى ئالدى بىلەن ئاھالىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى

تەشكىل قىلغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى يېڭىلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قەشقەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىدىن ئۇسلۇب ۋە شەكىل جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى «پامىر بۈركۈتى» دەپ سۈپەتلىنىدىغان تاجىكلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى مىسال بولىدۇ.

تاجىكلارنىڭ يېزا - كەنت ۋە سەھرا - قىشلاقلىرىدىكى تۇراقلىق ھويلا - ئاران مەھەللىلىرى مەركىزىي ئۆي، ھويلا، مېھمانخانا، قازناق، ئوتۇنخانا، سامانخانا، ئاتخانا، قوتان ۋە چوڭ ئېغىل قاتارلىقلاردىن تەركىب تېپىپ، ئەتراپى دەل - دەرەخ، باغباراڭ بىلەن قاپلىنىدۇ. مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ سىستېمىدا كۆزگە ھەممىدىن بەكرەك چېلىقىدىغىنى «لەڭگەر ئۆي» دۇر. ئۇ روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك نامى، رامكا قۇرۇلمىسى، بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، فۇنكسىيەلىك رولى، سان - سىپىرلىق مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيەسى، بېزەش سەنئىتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇ تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇتەخەسسىسلەر تاجىكلارنىڭ «لەڭگەر ئۆي» مودېلىنى ياساپ، كۆرگەزمە قىلماقتا. بۇ ئۆينىڭ كىشىلەرنى بەكرەك جەلپ قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭدىكى سان - سىپىرلار ۋە بۇ سان - سىپىرلاردا ئىپادىلىنىدىغان تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇر - مەلۇماتلىرىدۇر.

«لەڭگەر ئۆي» بىرىكمىسىدىكى «لەڭگەر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك مەنىسىگە كەلسەك، ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى يولۇچىلار سەپەر - مەنزىل ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان جاي ياكى قونالغۇ - ئۆتەڭ دېگەندىن ئىبارەت. تاجىك

تىلىدا «لەڭگەر» سۆزىنىڭ يەنە ئىككى خىل كۆچمە مەنىسى بار. بىرى، يەر - جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك - مەمۇرىي نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى تىزناپ يېزىسىغا قاراشلىق لەڭگەر كەنتى؛ داتۇڭ يېزىسىغا قاراشلىق يۇقىرى لەڭگەر ۋە تۆۋەن لەڭگەر كەنتى؛ ۋەرشىدىي يېزىسىدىكى «شاھ ئەۋلىيا مازىرى» نىڭ يېنىدىكى جايمۇ لەڭگەر دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاچا يېزىسىدىمۇ لەڭگەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بىلىشىمىزچە، شىنجاڭ رايونىدا نۇرغۇن جايلارنىڭ نامىمۇ «لەڭگەر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە؛ يەنە بىرى، تاجىكلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى چوڭ ئۆيىنىڭ نامىمۇ «لەڭگەر ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى «قەدىمكى ئۆي»، «چوڭ ئۆي»، «مەركە ئۆيى» دېگەندىن ئىبارەت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «لەڭگەر» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى (قونالغۇ - ئۆتەڭ) بىلەن كۆچمە مەنىسى («لەڭگەر ئۆي») ئوتتۇرىسىدا يەنىلا سېمانتىكىلىق باغلىنىش مۇناسىۋىتى بار.

«لەڭگەر ئۆي» نىڭ رامكا - قۇرۇلمىسى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇ كۆپلىگەن گېئومېتىرىيەلىك سان - سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈش ئۇچۇر - ئىنفورماتسىيەسىگە ئىگە. ئۇنىڭ تەكشىلىكتىكى تاشقى كۆرۈنۈشى تۆت چاسا بولۇپ، ئاساسىي گەۋدە قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 7 مېتىردىن بولىدۇ. بۇ تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى «7» لىك قارىشىنىڭ ئۆي - خانا قۇرۇلمىسىدا گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ تەبىئەت، كائىنات، جەمئىيەت، كىشىلىك ھايات قارىشىدا «7» ناھايىتى خاسىيەتلىك سان بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئالەمنىڭ يارىلىشى ئاللا، روھىي ئالەم، ئالەم نەپسى (جېنى)، دەسلەپكى ماددا، زامان، يەر شارى ۋە ئادەمزات دۇنياسىدىن ئىبارەت يەتتە باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. تاجىكلارنىڭ قارىشىدا ئىقلىم يەتتە بولىدۇ: ھەفتە، يەنى ھەپتە يەتتە كۈن بولىدۇ؛ ئاسمان يەتتە قەۋەت، يەر يەتتە قەۋەت، جەننەت يەتتە دەرىجە، دوزاخمۇ يەتتە دەرىجە

بولىدۇ؛ ئادەمنىڭ بۈيۈك تېنىمۇ «ھەفت خەزىنە» (يەتتە ئەزا) دىن ھاسىل بولغان؛ «ھەفت ئەندام» (يەتتە بۆلەك، يەنى باش، كۆكرەك، قورساق، ئوڭ قول، سول قول، ئوڭ پۇت، سول پۇت) ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن؛ «ھەفت ئەختەر» ياكى «ھەفت ئەۋرەڭ» ئاسماندىكى يەتتە يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ؛ تاجىكلار ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ تارمىقى بولغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسمائىلىيە پەلسەپە نەزەرىيەسىدە ئىنسانىيەت تارىخى يەتتە ئايلانما دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: ئادەم، ئىبراھىم، نوھ، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەد ۋە ئىسمائىلدۇر. ئىمامۇ يەتتە بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، «7» لىك پەلسەپۋى ئىدىيە- ئەقىدىلىرى تاجىكلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىقياس تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار ئەڭ ئاددىيسى قانداشلىق ۋە ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق فورمىسىنىمۇ «ھەفت پۇشت» (يەتتە ئەۋلاد ياكى يەتتە پۇشت) قىچە سۈرۈشتۈرۈش لازىم، بۇ كاتېگورىيەدىن ئېشىپ كەتسە ياتلىشىش بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. تاجىكلار نورۇز ئايىمىدە داستىخانغا يېڭىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ باش تاۋۇشى (ھەرپى) «س» ياكى (S) بىلەن باشلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك تائامنى چىقىرىدۇ. بۇ «ھەفتى سىن» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھەفتى سىن» (يەتتە سىن) سەبزە (سەۋزە)، سەمانۇ (بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك)، سەنجىد (جىگدە)، سوماق (بىر خىل ئۆسۈملۈك)، سىير (سامساق)، سۈنبۈل، سىركە (ئاچچىقسۇ) دىن ئىبارەت. «لەڭگەر ئۆي» نىڭ ئۈستىگە ئۈزۈنىسىغا ئىككى دانە ياغاچ تارتىلىپ، بەش مەركىزي ئورۇنغا بەش چوڭ تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ، ئاندىن جەگە ياغاچلار تارتىلىدۇ. بۇ بەش چوڭ تۈۋرۈك ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ يەنە بىر نامى بولغان «پەنج تەنى» (بەشچىلەر) گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار: مۇھەممەد پەيغەمبەر، ھەزرىتى ئەلى، بىبى فاتىمە زورا، ئىمامى ھەسەن، ئىمامى ھۈسەنلەردىن ئىبارەت. بەش چوڭ تۈۋرۈك ئۇلارنىڭ سىمۋولىدىن ئىبارەت. «لەڭگەر ئۆي» نىڭ تۈڭلۈك قىسىمىمۇ ياغاچ ۋە شالدىن بەش قەۋەت قىلىپ

ياسىلىدۇ. ئۇ كۈن نۇرى ۋە يورۇقلۇق چۈشۈرۈش، ئىس - تۈتۈننى چىقىرىۋېتىش، ھاۋا ئۆتۈشۈش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. بۇ يەردىكى بەش قەۋەتلىك تۈگۈلۈكتىكى بەشلىك سانىمۇ «پەنج تەنى» (بەشچىلەر) نىڭ ئوبراز - سىمۋولىدۇر. ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ تاجىك «لەڭگەر ئۆي» دىن ئورۇن ئېلىشى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمەتچە خاتىرە سارىيى ۋە باشقا مۇزېي - كۆرگەزمىخانىلاردا سان - سىپىرلىق مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيەسى بولغان بىلەن مىللەتنىڭ ئاۋام ئۆي - خانىلىرىدا بۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىسى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. تاجىكلارنىڭ «لەڭگەر ئۆيى» بۇ جەھەتتە بىر ئۆرنەكتۇر.

تاجىكلارنىڭ «لەڭگەر ئۆيى» قاچان، قەيەردە، قانداقسىگە بارلىققا كەلگەن؟ بۇ توغرۇلۇق يازما ماتېرىياللار ھازىرغىچە ئۇچرىمىدى. لېكىن، بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن قاراش شۇكى، «لەڭگەر ئۆي» نى مىلادىيە 11 - ئەسىردە تاجىك پەيلاسوپ شائىرى ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىپى مۇتەپەككۇرى ناسىر خىسراۋ (1088 — 1004) لايىھەلەپ چىققانىكەن. ناسىر خىسراۋ تاجىكلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان تارىخىي شەخس. ئۇ تاجىكلار ئۈچۈن تۆت چوڭ مىراس قالدۇرغان. بىرىنچىدىن، پۈتكۈل پامىر تاجىكلىرى ناسىر خىسراۋنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئېتىقادىغا ئۆتكەن؛ ئىككىنچىدىن، نىكاھ ۋاقتىدا قىرائەت قىلىش ئۈچۈن نىكاھ دەستۇرى — «نىكاھنامە» خۇتبىسىنى يېزىپ قالدۇرغان. تاجىكلاردا بىر چىلك قائىدە - مىزان سۈپىتىدە نىكاھ ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، تاجىكلاردا ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە قويغان ئاخشىمى جان چىققان ئۆيدە «چىراغ ياندۇرۇش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، «تەكبىرى چىراغنامە» ناملىق دەستۇر دۇئا - تىلاۋەت ئۈچۈن قىرائەت قىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆلگۈچىنى باقىي دۇنياغا رەسمىي يولغا سېلىش مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ. قىرائەت قىلىنىدىغان بۇ دەستۇرنىمۇ ئەبۇ مۇئىنىدىن ناسىر خىسراۋ ئۆزىنىڭ مۇبارەك قەلىمى بىلەن يېزىپ

بىزگە يادىكار- مىراس قالدۇرغانىكەن؛ تۆتىنچىدىن، ئەبەدىي يادىكار ۋە خاتىرە بولسۇن ئۈچۈن، ناسىر خىسراۋ تاجىكلارغا «لەڭگەر ئۆي» نى لايىھەلەپ ياساپ چىققانىكەن. مۇشۇ سەۋەبلىك، ناسىر خىسراۋ تاجىكلار ئىچىدە «پىر شاھى ناسىر خىسراۋ» (پىرلارنىڭ شاھى — ناسىر خىسرەۋ مەنىسىدە) دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. تاجىكلار ئارىسىدا ناسىر خىسراۋنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، ئۇلار ھەردەمدە «ياپىر دەستىگىر» (ياپىرىم، قولۇمدىن تۇتۇپ مەدەت بەر) دېگىنىدە، ھامان ناسىر خىسراۋنى نەزەردە تۇتىدۇ ھەمدە ھەرۋاقىت ئۇنىڭ روھىنى ئۆزى بىلەن بىللە دەپ ھېس قىلىشىدۇ.

پامىر ئېگىزلىكىنىڭ گېئوگرافىيە - ئېكولوگىيەسى، بولۇپمۇ ھاۋارايى ئېكولوگىيەسىدىن ئېيتقاندا، تاجىكلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى ۋە قائىدە - يوسۇنىدىن ئالغاندا، «لەڭگەر ئۆي» نىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تاجىكلارنىڭ بارلىق توي - تۆكۈنلىرى، ئۆلۈم - يېتىم ۋە نەزىر - چىراغلىرى، ھېيت - ئايەملىرى، مېھماندارچىلىقى «لەڭگەر ئۆي» دە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا، «لەڭگەر ئۆي» بىر نامدا «مەرىكە ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەھەللە قۇرۇلمىسىدىن ئېيتقاندا، بارلىق چوڭ - كىچىك ئۆي - خانىلار (مەسىلەن، مېھمانخانا، قازناق، كارىدور دېگەنلەر) «لەڭگەر ئۆي» نىڭ تاملىرىغا تۇتىشىپ سېلىنغان بولغاچقا، «لەڭگەر ئۆي» تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنى فۇنكسىيەلىك رولى ۋە مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيە نۇقتىسىدىن، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بىناكارچىلىقىنىڭ سىمۋولى ۋە سەنئىتى دېيىشكە بولىدۇ. نۆگۈنكى كۈندە يېڭى پاسوندىكى قۇرۇلۇشلار، تۈرلۈك زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەھەللە قارىشى ۋە قۇرۇلمىسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «لەڭگەر ئۆي» ئۆزىنىڭ ئاساسىي رامكا - قۇرۇلمىسىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى تاجىك «لەڭگەر ئۆيى» گە كىرسىڭىز ھەم

ئۆنىڭ قەدىمىيلىكىنى ھەم ئۆنىڭ ماتېرىيال ۋە بېزەش جەھەتتىكى يېڭىلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇنىڭدىن «لەڭگەر ئۆي» نىڭ ماكان ۋە زاماننىڭ تۇرلۇك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. قەشقەر تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى

ئەجدادلىرىمىز تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرۇش جەريانىدا ھاۋا رايى، يورۇقلۇق ۋە مۇھىت ئامىللىرىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇب ۋە قۇرۇلمىسىنى ئىجاد قىلغانىدى، بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى سۈپىتىدە قارىغاچقا، ئۆي - ئىمارەتلەرگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىغان. «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق»، «پۇل تاپقۇچە ئۆي تاپ»، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ بوشلۇقى، پۈت - قولۇمنىڭ خۇشلۇقى»، «ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆي سالىدۇ، ئۆي سالمىسا نېمە سالىدۇ؟»، «تار بولسىمۇ ئۆيۈك بولسۇن»، «قوشنا ئولتۇرغۇچە ئۆي سال، ئۆيۈڭ بولمىسا بولسەن ئوسال»، «ئۆي سېلىشتا ئۆمۈچۈكتىن ئۆلگە ئال، ئۆيى بولمىسا قايدىن كېلەر بار»، «ئۇيغۇر پۇل تاپسا تامغا چاپلايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەرنىڭ بارلىقى كېلىشىمۇ ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەيلى قانداق ئۆي بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر ئۆي تامچىلىق، ياغاچچىلىق ۋە بېزەكچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تېخنىكىلىق جەريانلارنىڭ خاس قەدەمدە بىرىكىشىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئەسەرنىڭ بۇ بۆلىكىدە بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسلىق تېخنىكىلىق جەريانلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىمارەتلىرىنى ياساشتا پىچىم

ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆي پىچىشتا شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ
ئۆيلىرى كۆپرەك بىر دەھلىز، ئىككى تەرەپتە ئىككى خانا (ئۈچ
ئېغىزلىق) قىلىپ پىچىلىدۇ. شۇ ئاساستا يېزىلاردا ئايۋان
سارايلىق چوڭ ئۆيلەر بىرلىككە كەلگەن، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ
ئارىلىقلىرى يىراقراق بولۇپ، ئەتراپلىرى باغباراڭلاشقان، ئىشىك
ئالدى يول ھەم ئېرىق - ئۆستەڭلىك بولۇپ، بېرىش- كېلىش ۋە
تۇرلۇك مۇناسىۋەتكە قولايلىق بولغان. بىر دەھلىز، ئىككى تەرەپتە
ئىككى خانا (ئۈچ ئېغىزلىق) ئىمارەتلەر ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردا، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا بىرقەدەر
ئومۇملاشقان، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئالدى (ھويلا تەرەپ) پېشايۋانلىق
بولۇپ، دېرىزىلىرى ھويلىغا ۋە باغقا قاراپ تۇرىدۇ، مەيلى
شەھەرلەردىكى ئۆيلەر بولسۇن ياكى يېزىلاردىكى ئۆيلەر بولسۇن بىر
ئائىلىلىك بىر يۇرۇشلۇك تۇرالغۇلاردا دەھلىز مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.
دەھلىزنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، قىشتا ئىسسىقلىق ساقلاش، يازدا
ھاۋا ئالمىشىش ۋە مېھمانلارنىڭ ئاياغ، نەرسە - كېرەكلىرىنى
قويۇشقا باب كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئىمارەتلىرى
تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئاساس قىلىسىمۇ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ
ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار
ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىلدۇر.

1. ئادەتتىكى ۋاسىدەميانلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر.
2. مۇرەككەپ ۋاسا جۇپلۇك تۇرالغۇ ئىمارەتلەر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى ۋاسىدەميانلىق تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ
تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ئادەتتە بىر- ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي تۇرالغۇ
ئۆيلەر بولۇپ، ئىشىك - دېرىزىلىرى ۋە ئۆگزە يېپىقلىرى تۈز
(ئۆتمۈشتە تۈڭلۈك قويۇلغان) بولىدۇ.

مۇرەككەپ ۋاسا جۇپلۇك تۇرالغۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى
ئادەتتىكى ۋاسىدەميانلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشلىنىشىدىن ھەم
ماتېرىيال، ھەم ئەمگەك كۈچى جەھەتتىن كۆپ پەرقلىنىدۇ.
مۇرەككەپ ۋاسا جۇپلۇك تۇرالغۇ ئىمارەتلەرگە ماتېرىياللار بەك

تاللىنىپ ئىشلىتىلىدۇ، بىناكارلىق ھۈنەر- سەنئىتىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ. مۇرەككەپ ۋاسا جۈپلۈك تۈرالغۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ناھايىتى پۇختا بولۇپ، ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان ياغاچلار ئۈچ - تۆت ئورۇندىن چېتىقلىنىپ مۇستەھكەم قىلىنىدۇ، ھەربىر چېتىقلار ئورنى چاسىلانغان ۋە تۇرۇم (تۆشۈك) تېشىلىپ بېكىتىلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ چېتىق ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئۇل ئۈستىدىكى زەگۇندە (ياغاچ) چېتىقى. بۇنىڭدا زەگۇندە (ياغاچ) چېتىقى ئۇل ئۈستىدىكى زەگۇندە (ياغاچ) چېتىقى ھەرقايسى ئىشىكلەرگە تاقىلىپ تۇرىدىغان چاچاپ شەكىللىك ياغاچ بولۇپ، تام ئۇلىنى تەڭشەپ تۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ ئىككىنچى، ھاراق (ياغاچ) چېتىقى. ھاراق چېتىقى تام ئۈستىدىكى چاچاپ بولۇپ، تام ئېگىزلىكى توختىغاندىن كېيىن تام ئۈستىگە (جەگە ياغاچ ئاستىغا) قويۇلىدۇ. تۆت بۇلۇڭى ئەركەك- چىشى تۇرۇم ئارقىلىق چېتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، جەگە پارامانىنىڭ چېتىقى. بۇ جەگە پارامان (تاختا) نىڭ چېتىقى جەگە تام ئۈستىگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جەگە (ياغاچ) لارنىڭ ئىككى بېقىنىغا قىناق چىقىرىلىپ پارامان (تاختا) نى قېقىپ بېكىتىدىغان چېتىقتۇر. بۇ ئىنتايىن مۇھىم چېتىق بولۇپ، تام ئۈستىدىكى جەگە ياغاچلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، تەڭپۇڭ تۇتۇپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىن تەييارلانغان ۋاسلار مىخلىنىدۇ. بۇ ياغاچچىلىق ئىش تۈرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆگزە ئۈستى بورا، قومۇش، توپا ۋە كاكىل لايلار بىلەن يېپىلىپ نىشابى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۆگزە ئۈستىگە (ئاخىرقى چېتىق) سىراج (ياغاچ) تام ئېتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن روشەنكى، مۇرەككەپ ۋاسا جۈپلۈك تۈرالغۇ ئىمارەتلەر بىرقانچە ئورۇندىن چېتىقلىنىپ پۇختا (مۇستەھكەم) ئىشلەنگەنلىكتىن، بۇنداق ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە بولغان چىدامچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى ۋە ئوتتۇرا ھال يەر تەۋرەشلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ھازىرقى دەۋردىكى زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ پولات چىۋىقلىق ئىش تۇرلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئىمارەتلىرىدىكى تام تۈۋرۈك (ياغاچ)، چاچاپ (ياغاچ) قاتارلىقلاردىن ئۈلگە ئېلىنىپ قىلىنغاندۇر.

شەھەرلەردىكى مۇرەككەپ ۋاسا جۇپلۇك تۇرالغۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئاستى ئامبار ئۆي قىلىنىپ، ئۈستىدىكى ئۆيلەر ۋە ھويلا تەرەپتىكى پېشايۋانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. پېشايۋان كۆرۈنۈشى ۋە تۈۋرۈكلەر ناھايىتى نەپىس، كۆركەم ئىشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن توپا خىشلىق، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئاساسىي ماتېرىيالى توپا خىش (كېسەك) ۋە تېرەك ياغىچىدۇر.

تاغقا يېقىن رايونلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۇلى تاش بىلەن ئېتىلىدۇ. پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئىمارەتلەر باغقا قاراپ سېلىنىدۇ.

قەشقەر تەرەپلەردە ئۇل قىسمەن تاش، ئاساسەن پىششىق خىش بىلەن ئىشلىنىدۇ، زەگۇندە (ياغاچ) ئۈستىدىن توپا خىشلىق تام باشلىنىپ، ھەر بىر بۆلەك (ئىشىك - دېرىزە ئارىلىقى، تەكچە - مېھراب ئارىلىقى)كە ئۆلچەملىك ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلىدۇ. بۇ ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئۈستىدىكى سەرراپ ياغاچلارغا تۆشۈك تېشىلىپ تۇرۇم ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ھەر بىر بۆلەككە توختىتىلغان تۈۋرۈك ياغاچلار ۋە تۇتاشتۇرۇلغان سەرراپ ياغاچلار تام ئارىسىدا قالىدۇ.

تامچىلىق ھۈنەرلىرىدە زىمىن تەييارلانغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇل ئويىلىپ قاڭدىلىپ، ئاستىغا تاش تىزىلىدۇ ياكى بىرقانچە قاتار پىششىق خىشلىق تام ئېتىلىپ، يەر يۈزى بىلەن تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئالدىن پىلانلانغان ئىشىك توختىتىلىدۇ، ئاندىن يەنە بىرقانچە قاتار پىششىق خىشلىق تام ئېتىلىپ، ئالدىن پىلانلانغان زەگۇندە توختىتىلىدۇ، زەگۇندە بىلەن تەڭ تام ئارىسىغا ئېلىنىدىغان تۈۋرۈك ياغاچلار توختىتىلىپ ئاندىن رەسمىي كېسەك تام باشلىنىدۇ، مەلۇم ئارىلىقتا — ئېگىزلىكتە ئالدىن پىلانلانغان دېرىزىلەر توختىتىلىدۇ، تام ئېگىزلىكى ئىشىك -

دىرىزە باشلىرى بىلەن تەڭشەلگەندە ئىشىك بېشى (ياغاچ) قويۇلىدۇ......

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئىمارەتلىرىدە يەنە ئالاھىدە ياسىلىدىغان ئىككى خىل ھۇنەر بار. ئۇنىڭ بىرى، ئۆي ئىچىدىكى مورا؛ يەنە بىرى، ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە ئېچىلغان تۈڭلۈك.

تۈڭلۈك: ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىدە ھەم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، ھەم يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان كۆزنەك.

مورا: ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىدە بولمىسا بولمايدىغان، ھەربىر ئۆيگە قىش ھەم يازدا ئىشلىتىلىدىغان، ئۆينىڭ تۆر ھەم پەگاھىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئۆيگە يارىشىملىق مۇھىم ئەسلىھەدۇر.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئىمارەتلىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپلا قالماي، تاشقى ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچىدۇر.

دىيارىمىزدا ئومۇملاشقان بىر دەھلىز، ئىككى خانا (ئۈچ ئېغىزلىق)، ئىمارەتلەرنىڭ ھويلا تەرىپىگە پېشايۋان كەلتۈرۈلىدۇ، پېشايۋانلار تۈۋرۈك بىلەن توختىتىلىپ، يەردىن سۇپا ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، پېشايۋانلارنىڭ ھەربىر تۈۋرۈك ئارىلىقلىرى ھۇنەر- سەنئەتلىك (لىڭگى) قىلىپ ياسىلىدۇ. بەزى ئارىلىقلار تاق لىڭگى، بەزى ئارىلىقلار قوش لىڭگىلىق بولىدۇ، بەزى ئارىلىقلار مېھراب شەكىللىك بولۇپ، تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ھەربىر تۈۋرۈك بەلباغ ۋە قاپارتما نۇسخىلىق نەقىشلەر بىلەن ئىشلىنىپ ئۈستىگە كىنەز باغلايدۇ، تام تۈۋىدىكى ھاراق ۋە جەگە (ياغاچ) لارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاپارتما نەقىشلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. تام يۈزى (ئىشىك - دېرىزە ئارىلىقلىرى)، سۇپا يۈزى ۋە چوڭ دەرۋازا تاملىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىش توقۇلما نەقىشلەر بىلەن ئىشلىنىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ نەقىش ھۇنەر - سەنئىتى بۇ يەردە تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئىمارەتلىرىدە ھەربىر ھۇنەر مۇستەقىللىچانلىققا ھەم بىر - بىرىگە باغلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە،

ئىمارەتنى ياساش جەريانىدا ھەربىر ئىش تۈردە ھەربىر كاسىپ (ھۈنەرۋەن) بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىرى كەم ياكى يېتەرسىز بولسا يەنە بىرىنىڭ ئىش يۈرگۈزۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئىمارەت ئومۇمىي گەۋدىسى پۈتۈپ ئىمارەتنىڭ ئۆي ئىچى گەج نەقىشلىك، سىرتى قىش توقۇلما نەقىشلىك ۋە سىر بېزەكچىلىك ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەربىر ئىش تۈرى ھەربىر ھۈنەر- سەنئەت ئۆز ئالدىغا ئايرىم گەۋدىلىنىپ ئىمارەتنىڭ ئومۇمىي تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

19 - ، 20 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ھۈنەرلىرىدە ئالاھىدە ئۆزگىرىش — تەرەققىيات بولدى، تاغ ئارقىسىغا — ئەنجان، تاشكەنت تەرەپلەرگە بارغان بىناكار ئەجدادلىرىمىز ئۇ شەھەرلەردە بىرقانچە يىل تۇرۇپ ھۈنەر قىلىش جەريانىدا، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان رۇس بىناكارلىقى بىلەن تونۇشۇپ، زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ، كەسپىي تېخنىكا ھۈنىرىنى يېڭىلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشتى. ھاك، گەج، توزغاقلارنى قايماقتەك ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇر بىناكارلىرى سېمونت ماتېرىياللىرى ۋە يېڭى بىناكارلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. ئۇنداق ئالىي ئىمارەتلەر 20 - ئەسىرلەردىلا قەشقەردە سېلىنىشقا باشلاندى.

مەسىلەن، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە بىنا بولغان شىۋېت مىسيونىرلىرىنىڭ دوختۇرخانا، مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى، ئەنگلىيە، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەلچىخانا قۇرۇلۇشلىرى، قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ خىزمەت بىنالىرى ھەمدە قەشقەردە 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياسالغان داڭلىق قۇرۇلۇشلاردىن ئارا يار لېۋىگە سېلىنغان ئابدۇرەھىم سەرراپ ئىمارىتى (1918 - يىلى ياسالغان)، چايخانا ئىمارىتى (1920 - يىللار ئەنجان رەستىگە ياسالغان)، نەزەرباغدىكى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئىمارىتى

(1927 ـ يىلى ياسالغان)، تار بوغۇز دۆڭدىكى ئابدۇكېرىم خان مەخدۇمنىڭ ئىمارىتى (1931 ـ يىلى ياسالغان)، قازانچى ياربېشى كوچىسىدىكى ئەھمەدخان دوپپىچىنىڭ ئىمارىتى (1936 ـ يىلى ياسالغان)، ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبى (1939 ـ يىلى ياسالغان ياۋروپاچە ۋە ئۇيغۇرچە بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ تەمىر قىلىنغان)...... قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئىمارەتلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلاردا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىسى، يارقىن ئۇسلۇبى ۋە ھۇنەر ـ سەنئەتلىك نۇقسانلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن.

بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بەزىلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يوقىلىپ ئىزلىرى ئۆچكەن بولسىمۇ، بەزىلىرى يادىكارلىق قىممىتى بىلەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

خۇلاسە قىلغاندا قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلمىسى ئومۇمەن تۆۋەندىكى بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان.

1. مېھمانخانا: مېھمانخانا بەزىدە بىر، بەزىدە ئىككى بولىدۇ. ناۋادا مېھمانخانا ئىككى بولسا، چوڭ مېھمانخانىغا چوڭ ـ چوڭ مۇراسىم، مەسىلەن ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن قاتارلىقلار بولغاندا مېھمانلار باشلىنىدۇ. مېھمانخانىغا قۇربى يەتسە گىلەم، كۆرپە سېلىنىپ تامغا مېھراب چىقىرىلىدۇ. تورۇس ۋاسا جۈپلۈك، ياكى سىلىق تاختاي بىلەن يېپىلىپ، چۆرىسىگە ھەر خىل نەقىشلەر چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ. بەزى مېھمانخانىغا سۇپا چىقىرىلىدۇ. يېقىنقى زاماندا بۇگۇنكى دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە سافا قويۇلىدىغان بولدى.

مېھمانخانا ئۆي ئادەتتە ھويلىنىڭ قۇرۇلمىسى، قولايلىق بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ھويلىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە ياكى ئىچى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

2. ياتاقخانا: مېھمانخانىنى مەركەز قىلغان ھالدا، مېھمانخانىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە ياتاقخانا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. قەشقەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ياتاق

ئۆيى ئايرىم بولىدۇ. ياتاقخانىنىڭ ئىچىگە ئومۇمەن سۇپا ۋە ئوچاق چىقىرىلىدۇ. ياتاقخانا تېمى چىرايلىق زەدىۋاللار بىلەن ياكى سىر بىلەن سىرلىنىدۇ. تۆر تېمى تەرەپكە ئىشكاپ ئورنىتىلىپ، ئۈستىگە ياكى ئىچىگە يوتقان - كۆرپە تىزىلىدۇ.

3. ئاشخانا: بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاشخانا ئومۇمەن ياتاق ئۆي بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ياز كۈنلىرى هويلىنىڭ ئىچىگە ئوچاق چىقىرىلىپ تاماق ئېتىپ يېمىگەننى هېسابقا ئالمىغاندا. كۆپىنچە ئائىلىلەردە ياتاق ئۆي بىلەن ئاشخانا ئۆي بىرگە بولاتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئاشخانا ئۆي مەخسۇسلاشقان بولۇپ، ئومۇمەن ياتاق ئۆيگە يانداش سېلىنىدۇ. ئاشخانا ئىچى هەر ۋاقىت پاكىز، قۇرۇق تۇتۇلىدۇ.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆي قۇرۇلمىسى هەر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالى ۋە باشقا ئېهتىياجلىرىغا يارىشا هەر خىل بولۇپ، قىسقا مەزگىلدىلا شەكىللەنگەن ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەرۋازىنى كوچا تەرەپكە قارىتىپ سېلىشى بۈگۈنكى كۈندىكى ئادەت بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرى بولغان تۈركلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كۈنچىقىشقا قارىتىپ ئېچىلىدىغانلىقى مەلۇم. «جۇنامە، تۈركلەر تەزكىرىسى» ۋە 11 - ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسى هەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان، يەنى ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۈنپېتىشقا قارايدىغان بولۇپ. هەممە ئائىلىنىڭ «قاپقا»[①] (دەرۋازا) سى، قۇتان[②]، سۆكە[③]، بالىخانا[④] ئۆيلىرىدە تۈگلۈك[⑤] قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۆينى پاكىز تۇتۇش ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تە بۇ هەقتە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ.

①②③④⑤ مەهمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - ، 1983 - . يىلى نەشرى. I توم 485 - . 200 - ، 230 - ، 632 - ، 491 - . 656 - ، 650 - ، 646 - ، 645 - بەتلەر. III توم 569 - بەت.

ئۆيۈڭ، مۈلكۈڭنى پاك ـ ئىرىغ تۇت هامان،
ئايا مەرد، كىلەر بەخت ساڭا هەر زامان (4536 ـ بېيىت).

تۇرالغۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ياشاش كاپالىتى بولغاچقا، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيگە بولغان تونۇشى، جۇملىدىن ئۇنىڭ ئاتىلىشى، ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلەر بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىمۇ «ئۆي» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەۋ — EV» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۆي ئەسلىھەلىرى، ئۆي قۇرۇلمىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ، يەنە «قونۇقلۇق ئەۋ»[1] (مېھمانخانا)، «قورۇنلۇق ئەۋ[2]» (قورۇم باغلاپ كەتكەن ئۆي)، «قودۇغلۇق ئەۋ[3]» (قودۇقى بار ئۆي)، «قاپۇغلۇق ئەۋ[4]» (قوۋۇقى بار ئۆي)، «تۆرتكۆل ئەۋ[5]» (تۆت چاسا ئۆي) قاتارلىق ئۆيلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ئۆيلەرنىڭ بۇنداق بۆلۈنۈشى قەشقەردە ھازىرغىچىلىك داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا مېھماندوستلۇق خاراكتېرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئوچاقنى ئۇلۇغ بىلىشتەك ئادىتىدۇر (بۇ ھەقتە غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئوچاقنىڭ ئۇلۇغلىنىشى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن!).

يۇقىرىقىلار قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ـ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تاشقى پوستى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەتلەر ياندىشقان.

باشقا جاي ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆي سېلىشنى ئۆمۈرلۈك ئىش قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەچكە، ئۆي سېلىشقا

---

①②③④⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ، 1983 ـ يىللى نەشرى، I توم 485 ـ، 200 ـ، 230 ـ، 632ـ، 491 ـ، 656ـ، 650، 646 ـ، 645 ـ بەتلەر. III توم 569 ـ بەت.

ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۆي سالىدىغان يەرگە ئالدى بىلەن قان قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئۇلىنى تۇتۇپ، قولۇم-قوشنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆينى پۈتكۈزىدۇ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئەل-جامائەتكە «ئۆي چېيى» بېرىدۇ. بۇنىڭدا شۇ كىشى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي سېلىشقا ياردەملەشكەنلەرنى ۋە باشقىلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، ئۆينىڭ تېخىمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىنى تىلەپ ئۇلارنىڭ شەرىپىگە داستىخان تەييارلايدۇ. ئۆي چېيى ھەر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىغا قاراپ بولىدۇ. بەزىلەر ئالاھىدە نان - توقاچ يېقىپ، ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ھازىرلاشتىن تاشقىرى بىر - ئىككى مال سويىدۇ ۋە ئۆي چېيىغا ئاتاپ مەخسۇس قۇيماق، پوشكال سالىدۇ. ئاۋۋال مەھەللىدىكى پېشقەدەم ئۆلىما، ئىمام، مەزىن ئاخۇنۇملار خەتمىقۇرئان قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاماق كەلتۈرۈلىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى ساھىبخانىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

بىناكارلىق سەنئىتىدە تامچىلىقنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، تۈۋرۈك ۋە چېتىق ياغاچ ئىشلەتمەيدىغان مۇنار، گۈمبەز، خىش ئەگمە پەشتاق، ئىشىك - دېرىزە، بالابېشى ھەمدە ھەرقانداق مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىرى تامچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇ خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەخسۇس ھۈنەر - سەنئەت تۈرى بولۇپ شەكىللەنگەن.

تامچىلىق بىناكارلىق سەنئىتىدە يۇقىرى ماھارەت ۋە قابىلىيەت تەلەپ قىلىدىغان تېخنىكىلىق ھۈنەر - سەنئەت تۈرى بولۇپ، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ پۇختىلىقى ۋە كۆركەملىكى ياغاچچىلىق ھۈنىرى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەڭ يارقىن نۇقتا ئۆي بېزەكچىلىكىدىكى ئۆزگىچىلىكتىن ئىبارەت. ئۆي بېزەكچىلىكى

ياغاچچىلىق، ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ھۆسنخەتچىلىك قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بولغان تېخنىكىلىق جەرياندۇر. ئۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆركەملەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە يەنە كىشىلەردە ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى نەقىش بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەرخىل بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيالى ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، رەڭلىك سىزما نەقىش، ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، خىش تىزما نەقىش، گۈللۈك خىشلىق نەقىش (كاھىش)، قاپارتما نەقىش، ھۆسنخەتلىك نەقىش قاتارلىق تۈرلەرگە، ئورۇن - جاي نەقىشلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مۇنار، گۇمبەز، قۇببە، راۋاق، مەسچىت، پەشتاق نەقىشچىلىكى، تۈۋرۈك، جەگە، ھاراق، پارامان، پەنجىرە نەقىشچىلىكى، مېھراب، نەمۇيان، تەكچە، ئوچاق، مورا، ئىشىك - دېرىزە ۋە پەدىۋال نەقىشچىلىكى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ ۋە ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىش تەرتىپى بولىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قەشقەرنىڭ بىناكارلىق بېزەكچىلىكىدە چېكىلىدىغان نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تۈرى 200 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم. يۇقىرىقى بېزەكچىلىك تۈرلىرىنىڭ ئىچىدە خىش تىزما نەقىشچىلىكى قەشقەرنىڭ ئۆي - ئىمارەت بېزەكچىلىكىدە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغىمۇ ماس كېلىدىغان، قوللىنىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان تەبىئىي، يېشىل بېزەكچىلىك تۈرىدۇر. قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق قۇرۇلمىسىدىكى خىش بېزەك سەنئىتىدە ئىمارەت قۇرۇلمىسى بىلەن خىش تىزما نەقىشچىلىكى بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئومۇمەن خىش نەقىشلىرى تام قوپۇرۇش بىلەن بىر قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى قارا سۇۋاقنىڭ ئۈستىگە ئالدىن ئويۇپ تەييارلانغان ھەر خىل شەكىلدىكى خىش

نەقىشلىرى سىممېترىيەلىك هالدا چاپلىنىپ، ئىستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدىغان گېئومېترىيەلىك شەكىل هاسىل قىلىنىدۇ. قەشقەرنىڭ خىش ئويمىكارلىرى ئۆزلىرىنىڭ چېۋەر قولىغا، پىچاق، ئىسكىنە، قول هەرىسى، قۇمچاق قاتارلىق ئاددىي قوراللارغا تايىنىپ كاللىسىغا پۈتۈلگەن «پۈتۈلمىگەن» لايىھەگە ئاساسەن خىشلارنى يونۇپ بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆركەم خىش مودېلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. مەخسۇس خىش ئويمىكارلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان خىشلارنىڭ ماتېرىيالى پۇختا، توپىسى يۇمشاق، ئەۋرىشىم ۋە ئېلاستىكىلىق بولۇپ، تام قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى خىشلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئالاهىدىرەك خىش ئۇچۇن قەشقەر كونىشەهەر ئوغۇساق يېزىسىنىڭ يېپىشقاق ئەت توپىسى تاللانغان ۋە شۇ يەرنىڭ توپىسىدا پىشۇرۇلغان خىشلار شىنجاڭ، هەتتا ئىچكى ئۆلكىلەردە سېلىنغان ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ خىش ئويما نەققاشچىلىق ئېهتىياجىنى تەمىنلەپ كەلمەكتە. شۇنداق قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە قەشقەر خىش ئويمىكارلىق سەنئىتى بۈرۈنقى مەسچىت - مەدرىسەلەر، مۇنار - قۇببە ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەردە ئاساسلىق ئىشلىتىلىشتىن كېڭىيىپ، كاتتا مېهمانخانىلار، تىياتىر - كىنوخانىلار، باغچە - سەيلىگاهلار، سودا سارايلىرى، كاتتا رېستورانلاردىن تېز تاماقخانىلارغىچە كەڭ ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ روشەن بەلگىسى بولۇپ قالدى.

قەشقەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى خىش گۈل نۇسخىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاساسىي گۈل نۇسخىلىرى، رامكا گۈل نۇسخىلىرى ۋە مۇستەقىل گۈل نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاساسىي گۈل خىش نۇسخىلىرىنىڭ غول گەۋدىسى — ئوق نۇسخا بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش خاراكتېرىگە قاراپ غۇنچە ماتاڭ، تۈز ئويۇلغان تىك غۇنچە ماتاڭ. تۈز

ئويۇلغان قىيپاش غۇنچە ماتاڭ، قىرلانغان غۇنچە ماتاڭ، قىرلانغان تىك غۇنچە ماتاڭ، تۈز ئويۇلغان قىيپاش يۇلتۇز، تۈز توقۇناق، قىرلانغان توقۇناق، تۈز قوغۇنچە، قىيپاش قوغۇنچە، تۈز ئۈچ بۇلۇڭ، قىرلانغان ئۈچ بۇلۇڭ، سەككىز قىرلىق تۈز گۈل، كاۋاگۈل، چاقماق قەنت، تۈز ئويۇلغان چولاق غۇنچە، قىرلانغان چولاق غۇنچە، بېلىق قاسرىقى قاتارلىق نۇسخىلارغا ئايرىلىدۇ. خىش تىزما نەقىشلىرى ئىچىدىكى رامكا گۈل نۇسخىلىرى كۆپ خىل گۈل نۇسخىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل قىلىنىدۇ. ئاساسىي گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئەتراپىنى رامكىلاش ۋە مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق قىرلىرى، تام ناۋالىرىنى بېزەش قاتارلىق كۆپ ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ خىش قۇرۇلمىلىق گۈل نۇسخىسىدۇر.

رامكا گۈل نۇسخىسى سېلىش شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش خاراكتېرىگە قاراپ زەنجىرگۈل، تاسما گۈل، ناۋا، چوكان ناۋا، تاق ناۋا، جۈپ ناۋا، پىلتا، تاپانچا گۈل، نوغۇچ گۈل، مەردەپكە، تەسۋى، ماڭلايچە قاتارلىق شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇستەقىل گۈل نۇسخىسى بىر پۈتۈن خىش گۈل بېزەكچىلىكىدىكى ئالاهىدە بىر خىل ئۇسلۇب بولۇپ، هېچقانداق گۈل نۇسخىلىرى بىلەن گىرەلەشمەي، مۇستەقىل شەكىل هاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل گۈل نۇسخىسى نەپىسلىككە ۋە جەلپكارلىققا ئىگە. بۇ نۇسخىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇنىڭ تۈرلىرىمۇ ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئويۇلىدىغان نەقىشلەر ئېھتىياجغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. مۇستەقىل گۈل نۇسخىلىرى بەزىدە كولالچىلىققا ئوخشاش لايدىن ياسىلىپ شۇ شەكىلدە خۇمدانىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق ياكى پىششىق خىش ئۈستىگە بىۋاسىتە ئويۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ شەكىللىك، لوڭقا شەكىللىك، ئۆرىق شەكىللىك، مىس چۆگۈن شەكىللىك، ئاپتۇۋا - چىلاپچا شەكىللىك خىش قۇرۇلمىلىق مۇستەقىل گۈل نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇ خىلدىكى نۇسخىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ناهايىتى كەڭ بولۇپ، ئىشىك-

دېرىزىلەرنىڭ يان ياغاچلىرى، پارامان ياغاچلىرى، تۈۋرۈك، مۇنار، تەكچە بېشى، مېھرابنىڭ ئەتراپى، مورا ئەتراپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى بېزەكچىلىك تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. رەڭلىك رەسىملەر — مېھمانخانا ۋە ئايۋان سارايىنىڭ ئىشىكلىرىگە، تاملىرىنىڭ تەكچە، مەرەپ، مورا يېنىدىكى بوش ئورۇنلىرىغا، مەسچىت - مەدرىسەلەرنىڭ پارامانلىرىغا، پېشايۋاننىڭ لىملىرىغا...... سىر بىلەن ئۆزگىچە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا ھەرخىل مەنزىرىلەر، لوڭقا ۋە گۈللەر ياكى قۇرئان ئايەتلىرى، ھەدىسلەر رەسىم ياكى گۈل تۇسىدىكى ھۆسنخەت شەكلىدە سىزىلىدۇ. بۇنداق رەسىملەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن سىممېترىيەلىك ھالدا بىرىكىپ، كىشىلەردە ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا تاللانغان رەڭلەرمۇ بىر - بىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

2. گەج ئويما نەقىشلىرى قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، مەشغۇلاتى ئاددىي، چىداملىقلىقى كۈچلۈك، گۈزەللىك سېزىمى روشەن بولغان بىر خىل تەبىئىي نەقىش تۈرى بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىدىن تارتىپ شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، مەسچىت، گۈمبەز، قەبرە، مۇنار...... لارغىچە كەڭ قوللىنىلغان. گەج ئويما نەقىشلەرنىڭ شەكلى ھەرخىل بولۇپ، بەزىلىرى بىر ئورگاننى نۇقتا قىلىپ ئىككى يانغا، تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا، يەنە بەزىلىرى يۇمىلاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، رومبا شەكىللىرىدە مۇستەقىل بولىدۇ. ئومۇمەن گەج ئويما نەقىشلىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بىر - بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن ھالدا ئارىلىقلىرى رەتلىك، ئۆلچەملىك ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ گەج يۈزىنى ئويۇش ياكى قاپارتما شەكلىدە ياسالغاچقا، كىشىگە ئىستېرېئولۇق سېزىم بېرىدۇ.

گەج ئويما نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى رەڭسىز، ئۆز پېتىچە (ئاق رەڭدە) بولسا، بەزىلىرىگە ئويۇلغان رەسىملەر كۆپىنچە بىر خىل رەڭدە (هاۋارەڭ) سىرلىنىدۇ. ئوچۇق رەڭلەر كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. تاملارنى گەجلەش ئۆيلەرنىڭ پۇختا ۋە چىداملىق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

3. پەنجىرە نەقىشى — هاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە يورۇتۇش جەهەتلەردە دېرىزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزىدە هازىرلىغان قوش قىممەت يارىتىدىغان نەمۇنىلەرنىڭ بىرى. ئۇ دېرىزە، رۇجەك، ئىشىك، ئىشىك بېشى، مېهراب، هەتتا تام ئورنىدا قوللىنىلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق قۇرۇلۇش ئەسلىهەسى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر خىل ئۆلچەم بىلەن يونۇلغان ياغاچ تاياقچىسىنىڭ سىممېترىيەلىك چېتىشتۇرۇلۇشىدىن هاسىل قىلىنىدىغان خىلمۇخىل گېئومېترىيەلىك شەكىللەرگە ئىگە بىر پۈتۈن قۇرۇلمىلىق نەقىش نۇسخىسى. ئۇ شەكىل جەهەتتە تۆت چاسا، چەمبەر، يېرىم چەمبەر، رومبا، ئۈچ بۇلۇڭ قاتارلىق شەكىللەردە ياسىلىپ جانلىق قوللىنىلىدۇ. ياغاچ پەنجىرە ئۈچۈن ياڭاق، چىنار، ئۈجمە قاتارلىق چىداملىق دەرەخلەرنىڭ ياغاچلىرى ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

پەنجىرە نەقىشلەر ئاساسەن كەكلىك قېشى، غۇنچە، ساندۇقچە، شەيتان قۇلۇپ، بۆرەكچە نۇسخىلاردا ئىشلىنىدۇ. بەزىدە بىرقانچە خىل نۇسخىنى ئۆزئارا كىرىشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇرەككەپ نۇسخىلار هاسىل قىلىنىدۇ. پەنجىرە نەقىشلىرى كۆپىنچە سىرلانماي ئۆز رەڭگىدە قالدۇرۇلىدۇ. قىسمەن پەنجىرىلەر سۇس يېشىل، توپا رەڭ، ئاق رەڭلەر بىلەن سىرلىنىدۇ.

4. كاهىش. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان كاهىش ئاساسەن يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىنەپشە رەڭ، هال رەڭ ۋە ئاق رەڭ قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلىك كاهىش ۋە قاپارتما چىقىرىلغان كاهىشلارمۇ بار. كاهىش مەخسۇس خۇمدانىدا پىشۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، رەڭگى ئۆڭمەيدىغان

ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنداق كاھىشلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، ئەتراپتىكى تۇپراقلار بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

5. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى گىرۋەك نەقىشى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە شەكلى بىلەن باشقا نەقىش تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. گىرۋەك نەقىشى ئىمارەتتىكى ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ لايىھەلىنىپ تۆۋەندىكىدەك ئىشلىنىلىدۇ:

بىرىنچى، كاھىش تاختا ياكى گەجدىن ياسالغان تۆت بۇرجەك، بەش بۇرجەك، ئالتە بۇرجەكلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بۇرجەكلىك تاختىلارنىڭ توغرىسىغا ياكى تىك سىزىق بويىچە ئۆزئارا چېتىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ تاختىلارغا بىر پۈتۈن گۈل ئىشلىنىدۇ.

ئىككىنچى، بىر پۈتۈن كىۋادراتلىق تاختىغا 1.5، 1.33 لىق شەكىلدە گۈل ئىشلىنىپ، بۇ تاختىلار ئۆز سىخېمىسىنىڭ رېتى بويىچە توغرىسىغا ياكى تىك سىزىق بويىلاپ، گۈللىرى قارىمۇقارشى شەكىلدە ياكى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن ھالەتتە چېتىلىپ، گۈللەرنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن شەكىللىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر پۈتۈن كىۋادراتلىق ئىككى تاختىغا ياكى بىرقانچە تاختىغا ئوخشىمىغان شەكىلدىكى گۈل نۇسخىلىرى ئىشلىنىپ، توغرىسىغا ياكى تىك سىزىق بويىچە بىر - بىرىگە چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق گىرۋەك نەقىش ھاسىل قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، بىر پۈتۈن كىۋادراتلىق تاختىغا بىر خىل گۈل نۇسخىسى ئىشلىنىپ، توغرىسىغا ياكى تىك سىزىق بويىچە ئوخشىمىغان ھالدا (گۈل بېشىنى يۇقىرى، تۆۋەن، ئوڭ، سولغا قارىتىپ) بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ چاپلاش يولى بىلەن شەكىللىنىدۇ.

بەشىنچى، كىۋادراتلىق تاختىدىن بىرنى 4، 8، 12 ياكى 16 بۆلەككە (ھەر بىر بۆلىكىنى كىۋادرات شەكلىگە كەلتۈرۈپ) بۆلۈپ،

ھەربىر بۆلىكىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدىكى گۈل نۇسخىلىرى ئىشلىنىپ، ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن تاختىغا كەلتۈرۈپ، توغرىسىغا ياكى تىك سىزىق بويىچە بىر - بىرىگە چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق بىر خىل ياكى كۆپ خىل بىر پۈتۈن نەقىش شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

گىرۋەك نەقىشى نۇسخىسىدىكى سىزىقلار ئۆزىنىڭ قۇرۇلما شەكلىگە قاراپ كەلكۈن شەكلىدە ھەمدە يانتۇ ۋە تۈز ھالەتتە ئىككى تەرەپكە كېڭىيەلەيدۇ، بەزىلىرى مۇستەقىل بىر گەۋدە ھالىتىدە بولىدۇ.

گىرۋەك نەقىشى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، شەۋلان، كۆپۈشەك، كەكلىك قېشى، قەنخىش، توقۇناق، زەنجىر، بادامچە، پىلتا، ناۋا، غۇنچە، زۇنجى، نەمۇيان، سوخەر، شۇئارخونچە، ئانار، چېچەك، مودەن، ئۈزۈم، سولا، شەددە، يورۇق، پىنچە، زەمىس، ئېسىلما، سەبدە، گۈلشەن، قوشقۇراق، نەستە، ئىران (كەلكۈن) بەنجە، بېلىق قاسرىقى، رېشات، ھۆنەن، شەمسى، ھەشقىپىچەك، قەمەرچە، ساندۇقچە، گېزەك، تالا، يۇلتۇز، يوپۇرماق، تۇمارچە، زەنجىر، پەتنۇسچە، قىيپاش زەنجىر، گۈل - گىياھ قاتارلىق گېئومېتىرىيەلىك سىزىقلارنى سىيۇژىت قىلغان ئاساستا ئىشلىنىدۇ. گىرۋەك نەقىشىدىكى بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەربىرى نۇسخىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان شەكىللەرنىڭ قۇرۇلما سىزىقلىرىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزئارا تەكرارلىنىشى ئارقىلىق، بەزىلىرى زىچ گۈللۈك، بەزىلىرى شالاڭ گۈللۈك، بەزىلىرى ئاددىي گۈللۈك، بەزىلىرى مۇرەككەپ گۈللۈك، بەزىلىرى چاچما گۈللۈك، بەزىلىرى قوشقۇراق گۈللۈك، بەزىلىرى جۈپ گۈللۈك، بەزىلىرى تاق گۈللۈك شەكلىدە ئېلىنىپ، يەنە بىرقانچە يۈز تۈرگە كۆپىيىدۇ.

بۇ خىل نەقىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھويلىغا ئۈزۈم تېلى قويىدىغان، ھەرخىل گۈللەرنى تېرىپ ئۆستۈرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بولۇشى ئۇيغۇر نەقىشلىرىدە

تەبىئىي ھالدا ئەكس ئەتكەن. شۇڭا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، گۈللەرنىڭ سىياقى، غۇنچە - پورەكلىرى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەك - مېۋىلىرى، بولۇپمۇ بادام، ئانار، ئۈزۈم، شۇنىڭدەك ئاپتۇۋا، چۆگۈن، چەينەك، لوڭقىغا ئوخشاش تۇرمۇش مەنبەسى بولۇپ، بۇلار ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىلىپ ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. نەقىشنى ھاسىل قىلغۇچى بەزى ئېلېمېنتلار ناھايىتى ئەركىن ھالدا بىر - بىرىنى كېسىشىپ ئۆتەلەيدۇ. بىر ئېلېمېنت يەنە بىر ئېلېمېنت بىلەن شەرتسىز باغلىنالايدۇ. نەقىشنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلارنىڭ زىچ - شالاڭلىقى، ئاددىي - مۇرەككەپلىكى، ئۆزئارا ھەم قارىمۇقارشى، ھەم بىر گەۋدە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، نەقىشلەر كىشىگە ھەم ئۆزگىرىشچان، ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى بۇ خىل مىللىي نەقىش تۈرلىرى شەخسلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىدىن تارتىپ جامە، مەسچىت، مەدرىسە، ئوردا، ساراي، مازار ۋە ھازىرقى زامان مېمارچىلىقىدىن تىياتىرخانا، كىنوخانا، زال، بىنا قاتارلىقلارغا، ئۇنىڭدىن باشقا گىلەمچىلىك، كۈلالچىلىق، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، ئويمىكەشلىك، باسما، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك قاتارلىق قول ھۈنەر سەنئەتلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن قەدىمكى كىيىم - كېچەكلەرگە، ئوۋ قوراللىرىغا، ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چۈشۈرۈلگەن نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىلا ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىكى نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى شەكىللەنگەن نەقىش نۇسخىلىرى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردە شەكىللەنگەن نەقىش نۇسخىلىرىغا تەبىئەت

دۆنياسىدىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرى رەسىملىرى، مەسىلەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى تۆرلۈك نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ سىزىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن. كۆچا مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرى ۋە تام نەقىشلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى 9-، 10- ئەسىرلەرگە كەلگەندە قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتىدە يېڭىلىنىش بولغان. بۇرۇنقى بۇددا دىنىي ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، لېكىن ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جانلىقلارنىڭ رەسىملىرى نەقىش نۇسخىلىرى ئىچىدىن چىقىرىپ تاشلانغان. نەققاش نۇسخىلىرى ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىغا ماس كەلتۈرۈلۈپ، يېڭى تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويغان، نەقىش نۇسخىلىرى ۋە شەكىللىرى تېخىمۇ يېڭىلانغان، سەنئەت تۈسى قويۇقلاشقان، ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭەيگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەسچىتلەرنى كاتتا ياساشنى ئاللاغا بولغان ئېتىقادنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر نەقىش نۇسخىلىرىنى كاتتا مەسچىتلەرنىڭ مۇنار، گۈمبەز، مېھراب، تەكچە، تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر نەقىشچىلىك ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى نامايان قىلغان. ئەينى ۋاقىتلاردا قەشقەردىكى داڭلىق نەققىشچى ئۇستىلار ئۆزلىرىنىڭ كارامەت ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاپاق خوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى، خانلىق مەدرىسە قاتارلىق ئون نەچچە كاتتا ئىمارەتنى سېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ يۇقىرى ماھارىتى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەزگىلى 15- ئەسىردىن كېيىن بولغان. قەشقەردە سېلىنغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، 200 يىللىق قەدىمىي ئىمارەت، قەدىمىي مەسچىت ۋە قەشقەر شەھەر

ئىچىدىكى بايلارنىڭ قەدىمىي مەسچىت ۋە ئۆي - ئىمارەتلىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەنگەن كۆركەم نەقىش نۇسخىلىرىدىن قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار تەبىئەتنى، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان مىللەت بولغاچقا، تەبىئەت گۈزەللىكىگە سىمۋول قىلىنغان ھەرخىل نەقىشلەرنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ ۋە كەڭ تۈردە قوللىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتى كەڭ قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر نەقىشلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتى بويىچە ئۇيغۇر مەسچىتلىرى، ئۇيغۇر ئۆيلىرى، ئۇيغۇر ئىمارەتلىرىگە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىقى بولغان ئۇيغۇر سەرگەزلىرى، ئەتلەسلىرى، گىلەملىرى، ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى، دوپپىلىرى، زىبۇ - زىننەتلىرى، ئۇيغۇر تۆمۈرچىلىكىگە، ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىغا، ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا، ئۇيغۇر ئۆي جاھازلىرىغا، ئۇيغۇر ھارۋىلىرى، ئۇيغۇر مەپىلىرى، ئات - ئۇلاغ ئېگەر - جابدۇقلىرىغىچە، ئۇيغۇر پالاسلىرى، كىگىزلىرى، جاينامازلىرى، تەڭلىماتلىرى، ئىسرىقدانلىرى، ياغاچ ھېجىر - تاۋاقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، مىستىن ياسالغان قازان - قومۇچ، چەينەك - چۆگۈن، ئاپتۇۋا - چىلاپچىلىرىغىچە ئۇيغۇر نەقىشلىرى ئىشلىتىلگەن ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن ئىشلەپچىقارغان قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىغا پەقەت نەپىس نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار سەنئەت بۇيۇملۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، قىممىتى ئۆزۈكسىز يۇقىرى

كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى يېڭى بۆسۈشكە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىندى. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتى شىنجاڭنىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق نەقىش ئۇستىسى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم 1958 ـ يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيىنى يېڭىدىن سالغاندا تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ شاگىرتلىرى بىلەن بېيجىڭدا بىر يېرىم يىل تۇرۇپ، بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەقىشچىلىكىنى كاپالەت بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تەلەپكە لايىق پۈتكۈزۈپ، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن بولسا، ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئوغلى ئاتا ۋارىس داڭلىق نەقىش ئۇستىسى ئابلىز ئابدۇللا 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭ خەلق سارىيى شىنجاڭ زالىنى ياساشقا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئويما نەقىشتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەرگە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېلىنغان كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇر نەقىشچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلغان. مەسىلەن، قەشقەر ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا بازىرى، ھېيتگاھ كاتتا بازىرى، يېڭىدىن ياسالغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ۋە ئېگىز قەۋەتلىك ھەرخىل نۇسخىدىكى بىنالارغا ئۇيغۇر نەقىشچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل

قىلىندى. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك ھۈنەر- سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ساھە بولۇپ شەكىللىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىماقتا. قەشقەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىناكارلىق نەققاشچىلىرى قەشقەردىن ھالقىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ئوبلاستلىرىدىكى مىللىي ئۇسلۇبتا قۇرۇلۇۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ بېزەكچىلىكىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلانماقتا. شىنجاڭدىكى، جۇملىدىن بېيجىڭدىكى مىللىي ئۇسلۇبتا قۇرۇلغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ بېزەكچىلىكىدە قەشقەر نەققاشچىلىرىنىڭ چېۋەر قول ئىزى بار، بولۇپمۇ قەشقەر ئارخىتېكتورلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان خىش قۇرۇلما نەقىشچىلىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشماقتا.

قەشقەرنىڭ بېزەكچىلىك سەنئىتىدە جۇلالىنىپ تۇرغان نەقىشچىلىك ھۈنىرىنىڭ تېخنىكىلىق جەريانلىرىنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ پۈتكۈل قاتلام - ھۇجەيرىلىرىگە ئۇيغۇرلار ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان تاغ - دەريا، گۈل - گىياھ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىغا ماس ھالدىكى ھەرخىل ئوبرازلار ئەكس ئېتىلىپ، قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنغان.

بىز قەشقەر دىيارىدىكى قاتمۇقات كوچىلارنىڭ خىلۋەت قاسناقلىرىدا قەد كۆتۈرگەن ئۆي - ئىمارەت ئۆرنەكلىرىنى سەيلە قىلغان چېغىمىزدا، ئۇنى بىنا قىلغان قەشقەر ئارخىتېكتورلىرىنىڭ جاسارىتى ۋە ماھارىتىگە «بارىكاللا» ئېيتماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، بۇ ئارخىتېكتورلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گەرچە مەخسۇس بىناكارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەقىل -

پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ جاپالىق ئىشلەش، چوڭقۇر ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش، ئىجادچانلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، شاگىرت - ئىز باسار تەربىيەلەشكە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراش ئارقىلىق، يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرۈپ ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان ۋە يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ۋاھالەنكى، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىختا ئۆتكەن مۇنەۋۋەر ئارخىتېكتورلىرىمىزنىڭ ھايات شەجەرىسى ۋە ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنمىگەن. بىز تارىخنىڭ بۇ ئاچچىق ساۋىقىنى قايتا تەكرارلىماسلىق مەقسىتىدە ئۆزىمىز ئىگىلىگەن چەكلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ زامانىمىزدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قىسمەن ئارخىتېكتورلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## 4. قەشقەردىكى داڭلىق بىناكارلىق شەجەرىسى

قەشقەرنىڭ بىناكارلىق تارىخىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئارخىتېكتورلار ئۆتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە ئىجادىي مېھنىتى بىلەن قەشقەرنىڭ گۈزەل ئۆي - ئىمارەتلىرى، قايناق شەھەر - بازارلىرى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان مەسچىت - مەدرىسە، مازارلىرى بىنا بولغان. ۋاھالەنكى، يىراق ئۆتمۈشتە ياشىغان بۇ نامسىز تۆھپىكارلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر قىسىم ئابىدىلىك قۇرۇلۇشلار، كاتتا ئىمارەتلەر ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئاپىرىدە قىلغان بىناكارلارنىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ، ئىش ئىزلىرى تارىخ بېتىدە يېزىلىپ قالدۇرۇلمىغان. بىز پەقەت 19 - ئەسىردىن كېيىن ئۆتكەن قىسمەن بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئىش ئىزلىرىنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھايات ئىز باسارلىرى ۋە جەمەتلىرىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ تونۇشتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالىدۇق. ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى ۋە

تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزنىڭ چولتىلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پەقەت قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم بىناكارلىق پېشىۋالىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندۇق. قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرى ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدىكى سانسىزلىغان ئۇستىكارلار ھەققىدە ھازىرچە قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال بولمىغاچقا، بۇ ئورۇننى بوش قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. مەزكۇر ئەسەردىن ئورۇن ئالغان 8 نەپەر مەشھۇر ئارخىتېكتورلارغا ئائىت بۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى «قەشقەر شەھەر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ سابىق ئەزاسى ئېلى ئوبۇلقاسىم ئەپەندى بىلەن قەشقەر بىناكارلىق شىركىتىنىڭ پېنسىيونېرى ئوسمان مۇھەممىدى قارا قۇتلۇق ئەپەندى تەمىنلەپ بەرگەن. بىز ئۇلارنىڭ خالىسانە ياردىمىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۇرىمىز.

## ھەسەن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق جەمەتى

19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىكارلىق ساھەسىدە ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن داڭ كۆتۈرگەن ئاتا مىراس ئۇستىكار ھەسەن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ كەسىپلەشكەن جەمەتى قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىدىكى «ئابدۇرازاق قازى غوجام كوچىسى» دا تۇغۇلۇپ، ئۆمۈر بويى ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 1850 - يىلى ئوغلى سىدىق ئاخۇن تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا كەسپى ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ يېتىشىپ چىقىپ، ئەنجان كوچىسىدىكى تامچى ئۇستا تۇردى ئاخۇن (ئەنجان) بىلەن قەشقەردە ھۈنەر قىلىپ ئۆتكەن. ئۇلار ئەينى دەۋردە شەھەرنىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىدا شەخسلەرنىڭ ئولتۇراق ئىمارەتلىرى، سودىگەرلەرنىڭ دۇكان، ئامبار ۋە سارايلىرىنى سېلىپ بۇ ئىمارەتلەردە ئۆيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر- سەنئەتلىرىنى نامايان قىلغان.

سىدىق ئاخۇن (ئىككىنچى ئەۋلاد) نىڭ ئوغلانلىرىدىن تامچى

نەزەر ئاخۇن ئۇستا (1868— 1954)، تامچى توختى ئاخۇن ئۇستا (1877 —1959)، تامچى ئىمىن ئاخۇن ئۇستا (1882—1944) ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن (تۆتىنچى ئەۋلاد) ئىبراھىم نەزەر ئۇستا (1906— 1990)، سىدىق ئىمىن ئۇستا (1920 —1983)، تۇرسۇن ئىبراھىم (5 ـ ئەۋلاد) ( ــــ 1937)، نەزەر تۇردى ( ــــ 1954) لەر ئەجدادلار كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تامچىلىق، ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ، تېخنىكا يېڭىلاپ يېڭى نۇسخا ئويما نەقىش سەنئىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى تەرەققىياتىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشۇپ، يېڭى مىللىيچە بىناكارلىق نۇسخىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن......

1898 ـ يىلى قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شىۋېتسىيە كاتولىك دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدىن يەر ئېلىپ ئىشخانا، ياتاق ئۆي، دوختۇرخانا قۇرۇلۇشى قىلماقچى بولغاندا، بۇ قۇرۇلۇشلارنى شىۋېت دوختۇر خوگبىرد ئەپەندى لايىھەلەپ، تۇردى ئاخۇن (ئەنجان)، سىدىق ئاخۇن ئۇستا ئوغۇللىرى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن ياسىغان. شۇ چاغلاردا بۇ قۇرۇلۇشلار چەت ئەل ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق نۇسخىسىدا ياسىلىپ، قەشقەردە يېڭىچە بىناكارلىق نۇسخىسى مەيدانغا كەلگەن.

سىدىق ئاخۇن ئۇستا ۋە تۇردى ئاخۇن (ئەنجان) لار يەنە شىۋېتسىيە كاتولىك دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قۇمدەرۋازا تەرەپتىن يېڭىدىن يەر سېتىۋالغان ئورنىغا 1936 ـ يىلى ياۋروپاچە نۇسخىدا قۇرۇلۇش قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇلار يەنە 1930 ــــ 1940 ـ يىللاردا ئەنگلىيە، سوۋېت كونسۇلخانا قۇرۇلۇشلىرىنى ياسىغان. خۇسۇسىيلار مەبلەغ سالغان ئۇچەيخانا قۇرۇلۇشىدا تۇنجى قېتىم سېمونت لاي ئىشلىتىپ يېڭىلىق ياراتقان. قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر بايلار مەبلەغ سالغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ۋە شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ـ مەدرىسە قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

نەزەر ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ بىناكار ئەۋلادلىرى قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئۆزبېك بايلىرىدىن مويدىنجان باينىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى يەتتە ئورۇندا مەسچىت قۇرۇلۇشى قىلغان (1920 ـ يىللار)، يەنە مويدىنجان باينىڭ پايناپ كەنتىدىكى ئالىي تۇرالغۇ ئىمارىتى ۋە ئالتە هويلا كەنتىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتىنى ياسىغان (ئالتە هويلا كەنتىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتى هازىرمۇ بار).

ئۇنىڭدىن باشقا، هېيتگاھ خەلق كۆلۈبى قۇرۇلۇشىغا تايانچ ئۇستىكارلار بولۇپ قاتناشقان. بۇ ئۇستىكارلار جەمەتى يەنە هاكىم يۇسۇپ ئەزىمنىڭ ئەلگەكچى كوچىسىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتى ۋە هاكىم ئابدۇراخمان توختى هاجىمنىڭ تاغارچى كوچىسىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتىنى ياسىغان (1945 ـ يىللار)، ئاپاق غوجا مازىرىدىكى ياسىداق مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قايتا رېمونت قىلغان، خەلق باغچىسى ئىچىدىكى «مەدەنىيەت سارىيى» قۇرۇلۇشىغا غوللۇق ئۇستىكارلار قاتارىدا قاتناشقان.

ئوردا ئىشىكى جامەسى يېڭى پەشتاق قۇرۇلۇشىغا ئىش بېشى بولۇپ قاتناشقان (1967 ـ يىلى)، ئەبرىشىمكار كوچا مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قىلغان، قوغان يېزا غوجىدار كەنت ئازنە مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قىلغان...... ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، دۇكان، ئامبار، تۇگمەن قۇرۇلۇشلىرىنى مىللىي نۇسخىدا كۆركەم ياساپ خەلقنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشكەن. نەزەر ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىناكارلارنىڭ قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان بىناكارلىق تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار قەشقەرنىڭ گۈزەر، يارباغ، تۆرەيارباغ، ئەنجان رەستە، ئەنجان كوچا، ئېگىزئېرىق، نوربېشى كوچىلىرى ۋە باغچە كوچا، جانان كوچا قاتارلىق كوچىلارنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئۆچمەس تۆهپىلىرى بار.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قەشقەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش تارىخىدا، قەشقەردىكى تىلسىماتتەك كوچا ـ مەھەللىلەردە نەزەر ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى چوڭ ـ كىچىك

مىمارچىلار (ئۇستا ـ شاگىرتلار) نىڭ مىللىي ھۇنەر ـ سەنئەتلىك قۇرۇلۇشلىرى خەلقىنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولغان...... قەشقەر خەلقى ئۇلارنى ھازىرغىچە ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

**قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن بەش ئەۋلاد ياغاچچىلار جەمەتى**

19 ـ، 20 ـ ئەسىرلەردە قەشقەرنىڭ ئۆستەڭبويى يولى ۋە قۇمدەرۋازا يولى بويىدىكى موپاك كوچىسى ۋە ياغاچچى كوچىسىدا نەچچە ئەۋلاد ياغاچچى ئۇستىكارلار ھۇنەر قىلىپ ئۆتكەن. ئۇلاردىن بىرىنچى ئەۋلاد مۇسائاخۇن 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موپاك كوچىسىدا ھۇنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆمۈر بويى ياغاچچىلىق ھۇنىرى بىلەن ئۆتكەن. ئىككىنچى ئەۋلادى سىدىق ئاخۇن ئۇستا 1830 ـ يىلى مۇسا ئاخۇن ئاتىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتىسىدىن ياغاچچىلىق ھۇنىرىنى ئۆگىنىپ پىشقان كەسىپ ئىگىسىگە ئايلانغان، سىدىق ئاخۇن ئۇستا ئىككى ئوغلى (ئابدۇللا ۋە ئىمىن) غا ياغاچچىلىق ھۇنىرىنى ئۆگىتىپ تاشقىرىقى شەھەردىكى ئاتاقلىق ياغاچچىلار جەمەتىگە ئايلانغان.

سىدىق ئاخۇن ئاتىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۈچىنچى ئەۋلاد كەسىپ ئىگىسى ئىمىن ئاخۇن 1852 ـ يىلى موپاك كوچىسىدىكى قەدىم جايدا تۇغۇلغان. 1862 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاتىسىدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، ئۇ دەۋردە قەشقەر ۋە ئاتۇش تەرەپلەردىن بىر قىسىم ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلار ئوش، ئەنجان شەھەرلىرىگە بېرىپ ئىشلەپ كېلەتتى. شۇ قاتاردا ئىمىن ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا ئاخۇنلار ئەنجان شەھىرىگە بېرىپ بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەيدۇ، بەزىدە ئۇلار رۇس ياغاچچى ئۇستىكارلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ. ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئابدۇللا ئاخۇننىڭ قورسىقى ئاغرىپ كۆز تەگكەندەك ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئىمىن ئاخۇن مەرھۇم ئاكىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە بىر مەزگىل ئەنجاندا تۇرۇپ ياغاچچىلىق قىلىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇ رۇس، ئۆزبېك،

تاتار ئۇستىكارلار بىلەن بىللە ئىشلەپ، ياغاچچىلىق كەسپىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. ئىمىن ئاخۇن ئۇستا 1879 ـ يىلى ئەنجاندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەردە «ئىمىن ئاخۇن ئەنجان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆستەڭبويى گۇزىرىدىكى ياغاچچى كوچىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، ياغاچچىلىق كەسپىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىمىن ئاخۇن ئەنجان ئۆستەڭبويى گۇزىرىدە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يوغان ئىشىك ـ دېرىزىلىك دۇكانلارنى ۋە ئېگىز ئەگمە پېشايۋانلىق ئىمارەتلەرنى ياساپ، چەت ئەلدە كۆرگەن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا يېڭى ھۆسن قوشىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياغاچچىلىق ھۈنەرلىرىنى سېپىل ئىچىدىن (ئىچكىرىكى شەھەردىن) ھەر ساھەدىكى كىشىلەر چىقىپ كۆرۈپ ماختاپ كېتىدۇ. يېڭىدىن ئىمارەت سالىدىغانلار ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ.

ئىمىن ئاخۇن ئەنجان 1927 ـ يىلى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ئىز باسارى ئىبراھىم ئاخۇن ئاتىسى ئىمىن ئاخۇن ئەنجان ۋاپات بولغاندا 22 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۇستىگە ئېلىپ مۇستەقىل ئىش قىلىشقا باشلايدۇ. 1930 ـ يىلى ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستا قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىرنەچچە ياغاچچى ئۇستىكارنى ئېلىپ ئۇلۇغچاتقا چىقىپ سىمخانىنىڭ كۆۋرۈكىنى ياساشنى زىممىسىگە ئالىدۇ. ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تەلىپى بىلەن «سىمخانا كۆۋرۈكىنى 10 يىلغىچە سۇ ئېلىپ كەتسە مەن جاۋابكار بولىمەن» دەپ ھۆججەت بېرىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن كەلكۈن كېلىپ كۆۋرۈكنى سۇ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوتەي ھۆكۈمەت ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىش بېشى ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستامنى تۈرمىگە ئالىدۇ. ئۇ تۈرمىدە 13 ئاينى ئۆتكۈزىدۇ.

1933 ـ، 1934 ـ يىللاردا قەشقەر ھاكىمىيىتىدە زور

ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، قەشقەرنى باشقۇرۇۋاتقان قوماندان مەھمۇد مۇھىتى تەرىپىدىن ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستا ۋە تامچى ئوبراز (ئەبۇزەر) ئاخۇن ئۇستامىلار تەكلىپ قىلىنىپ قوناق بازىرى كوچا بويىدىكى تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسەنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن سېلىنىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئىشىك - دېرىزىلىرى ئېگىز ۋە كەڭ، ئوچۇق - يورۇق، ياغاچ دوسكىلىق، سىنىپلىرى ئازادە يېڭى مەكتەپ بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىرقانچە يىل شەھەرنىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىدا شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

1939 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر خەلق كۇلۇبىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغاندا ئىبراھىم ئۇستا ياغاچچى سابىت چوڭلار بىلەن كۇلۇب قۇرۇلۇشىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدە شىڭ دۇبەن ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن قىلىنىدىغان قۇرۇلۇشلىرى باشلىنىپ قەشقەردىن تامچى، ياغاچچى بىناكارلار تەكلىپ قىلىنىدۇ، ھۈنەر - سەنئەت قابىلىيىتى يېتىشكەن، ئىقتىدارلىق ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستا قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە بارىدىغانغا تاللانغان 15 كىشىلىك ياغاچچى، تامچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولىدۇ. ئۇلار ئۇرۇمچىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان قۇرۇلۇشنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى لاياقەتلىك پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىدۇ. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىرقانچە ئورۇندا ھۆكۈمەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىغا باش بولۇپ ئىش قىلىدۇ، كەسىپ ئىقتىدارى كۆتۈرۈلۈپ ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدە تازا قىرانىغا يەتكەن ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستا 1950- يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستا تالانتلىق، قابىلىيەتلىك كەسىپ ئىگىسى بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىدا تۆھپىسى بار ئۇستىكارلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىغا ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق

قىلدى. 1925 ـ يىلى ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئىز باسارى ئىمىنجان تۇغۇلغان، ئىمىنجان ئۇستام ئاتىسى ۋاپات بولغاندا، ياغاچچىلىق كەسپىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولۇپ، چېۋەر ئۇستىكارغا ئايلانغانىدى. ئۇ 1950 ـ يىلىدىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن بولغان يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى بالداقمۇبالداق يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، سەپنىڭ ئالدىدا بايراقدار بولۇپ ماڭدى. ئۇ 1951 ـ يىلى تەشكىللەنگەن قەشقەر بىناكارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى ياغاچچىلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان كەسپداشلار جەمئىيىتىدىمۇ ياغاچچىلارغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى.

1956 ـ يىلى ياغاچچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندا يەنىلا مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

1958 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ يېڭىدىن قۇرۇلغان قەشقەر شەھەرلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىدىمۇ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى، 1973 ـ يىلى شەھەرلىك 1 ـ بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلغاندا شىركەتنىڭ ياغاچچىلىق ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىش ئېلىش، ئىش تەقسىملەش، لايىھەلەش، پىلانلاش ئىشلىرىنى بېجىردى. ئىجادكار ۋە تەشكىللىگۈچى، ئەجدادلار روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغۇچى، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆمرى ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن ئۆتكەن بۇ تۆھپىكار 1984 ـ يىل 1 ـ بىناكارلىق شىركىتىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى، ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ئىش ئىزلىرىغا ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلماقتا.

## مەشھۇر ئىش بېشى قۇربان ئاخۇن ئۇستا

«قىممەتلىك گۆھەردىن قىممەتتۇر ھۈنەر.
ھۈنەر بولسا ئىشقا يارايدۇ، گۆھەر.»
(ئەبۇ شۇكر بەلخى)

قەشقەردە بىناكارلىق كەسپى بىلەن داڭ چىقارغان قۇربان ئاخۇن ئىش بېشى 1850 ـ يىلى موپاڭ كوچىسىدا ھۈنەرۋەنلەر

ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتىسىدىن ياغاچچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، قۇربان چاققان، زېرەك بالا بولغانلىقتىن ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا تامچىلىققىمۇ كۆزى پىشىپ يېتىشىپ قالغان.

قۇربان ئاخۇن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سودىگەر بايلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى، دۇكان - سارايلىرىنى كۆتۈرە ئېلىپ قىلىپ، ياش ۋاقتىدىلا كىشىلەر ئارىسىدا «قۇربان ئاخۇن ئىش بېشى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانىدى......

1877 - يىلى زوزۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى باسمىچى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئاتلىنىپ چىقىپ، قۇمۇلنى بازا قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن كورلا، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىدۇ.

زوزۇڭتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى گېنېرال ليۇ جىنتاڭ لەشكەرلىرى بىلەن شۇ يىلى 12 - ئايدا قەشقەرگە بېسىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى خەلقنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ليۇ جىنتاڭ قەشقەر خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىي ئېتىقادىغا چەك قويۇپ، بۇددا دىنىنى قەشقەردە مەلۇم ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھېيتگاھ مەيدانىدا لەشكەرلىرىنى سەپ بويىچە توختىتىپ، ھېيتگاھ جامەسىنى بۇتخانىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە جامەنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ قۇلۇپ سالدۇرۇۋالغانىدى.

دېموكراتىك زات ئابدۇقادىر قازىكالاننىڭ باشچىلىقىدا قەشقەر خەلقى ھېيتگاھ مەيدانىغا يىغىلىپ، قازىكالاننىڭ باشلامچىلىقى بىلەن جامەنىڭ دەرۋازىسىغا سېلىنغان قۇلۇپنى ئۇرۇپ چېقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىپ قانۇنلۇق ئىبادىتىنى قىلىدۇ. نەتىجىدە خەلقنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئابدۇقادىر قازىكالان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىرقانچە ئالىم - ئۆلىمالار تۇتقۇن قىلىنىپ، نەزەربەندكە چۈشكەن بولسىمۇ، بۇ ۋەقە قەشقەر تارىخىدا مەشھۇر بولۇپ قالغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭ سوٴالىسىنىڭ قەشقەردە توروٴشلوٴق ھەربىي قىسمىنىڭ گېنېرالى لىيوٴ جىنتاڭ خەلقنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ھېيتگاھ جامەسىنى بوٴتخانا قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، باشقا ئوروٴنغا بوٴتخانا سېلىش ئوٴچوٴن يەر بېرىشنى تەلەپ قىلىدوٴ. ئابدوٴقادىر قازىكالان باشلىق ئوٴلىمالار كېڭەش قىلىپ، شەھەرنىڭ نوربېشى يولى بويىدىن چوڭ بىر باغ ۋە ئوٴي ئورنىنى (بوٴ باغ ئىگىسى ئوٴزبېك بايلىرىدىن بولوٴپ مەغلوٴپ بولغان بەدوٴلەت قوشوٴنلىرى بىلەن چەتكە قاچقانىدى) چىڭ ھوٴكوٴمىتىنىڭ قەشقەردىكى ئەمەلدارلىرىغا ئوٴتكوٴزوٴپ بېرىدوٴ (بوٴ يەر ھازىرقى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغوٴچ مەكتەپ ئورنى).

لىيوٴ جىنتاڭنىڭ تاپشوٴروٴقى بىلەن دوتەي لىيوٴ ياجوٴ شەھەر ئىچىدىن تامچى، ياغاچچى ئوٴستىكارلارنى يىغىپ، بوٴ يەرگە بوٴتخانا قوٴروٴلوٴشى سېلىشنى باشلايدوٴ. ئىشلەمچىلىككە چىڭ سوٴالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان مەھبوٴسلارنى ئەكىلىپ ئىشلىتىدوٴ. ئەنە شوٴ بوٴتخانا قوٴروٴلوٴشىغا مەسئوٴل بولغان بىناكار — قوٴربان ئاخوٴن ئىش بېشى ئىدى.

قوٴربان ئاخوٴن ئىش بېشى قول ئاستىدىكى نەچچە ئونلىغان تامچى، ياغاچچى ئوٴستا ۋە شاگىرتلار، يەنە ئىشلەمچى مەھبوٴسلارنى تەشكىللەپ قوٴروٴلوٴشنى پىلانلىق ۋە رەتلىك ئېلىپ باردوٴ. تامچى، ياغاچچى ئوٴستىكارلار ۋە ئىشلەمچىلەر قاتتىق سوغوٴقنىڭ بولوٴشى ۋە كوٴز ئالدىدىكى قىيىنچىلىققا قارىماي، قوٴروٴلوٴشنى پوٴتكوٴزوٴپ بېرىدوٴ.

قوٴربان ئاخوٴن ئىش بېشىنىڭ ياش بولوٴشىغا قارىماي ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىگە قايىل بولغان دوتەي دارىن ئوٴنى چاقىرتىپ ھوٴكوٴمەت نامىدىن نەق پوٴل (قىزىل لاتىغا يوٴگەلگەن كوٴموٴش تەڭگە) بىلەن موٴكاپاتلايدوٴ...... ھوٴكوٴمەت قوٴروٴلوٴشلىرىدىن باشقا شەھەر ئاھالىلىرى ۋە جامائەت سوروٴنلىرىنىڭ ئىمارەتلىرى قوٴربان ئاخوٴن ئىش بېشىنىڭ مەسئوٴللوٴقىدا ئىشلىنىدوٴ.

قوٴربان ئاخوٴن ئىش بېشىنىڭ ئىشچىلارنى ئىشقا تەشكىللەش،

پىلانلاش، باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئۇستۇن بولۇپ، ھېيتگاھ مەيدانىدا بىكار يۇرگەن نۇرغۇن يېتىم - يېسىر، ئىگە - چاقىسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى ئىش قىلغانىدى.

1917 - يىلى يۇمىلاق شەھەر قورغىنىدا تۇرۇۋاتقان ماشىپتەي (ماتىتەيىنىڭ قەشقەردە دوتەي مەسلىھەتچىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى ماجۇۋ) قۇربان ئاخۇن ئىش بېشىنى چاقىرتىپ، قورغان سېپىلىنىڭ ئۇستىگە راۋاق سېلىشنى بۇيرۇيدۇ. قۇربان ئاخۇن ئىش بېشىنىڭ پىلانلىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن ياغاچچىلار ئىشقا چۇشۇپ، يۇمىلاق شەھەر قورغىنىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرەپتە ياغاچتىن ياسالغان ھەيۋەتلىك تۆت قەۋەتلىك مۇنار شەكىللىك راۋاق قەد كۆتۇرىدۇ. بۇ تارىختا «شىپتەي راۋىقى» دەپ ئاتالغان.

ئۆمۇر بويى بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئاجايىپ ئۇستا ھۇنەرۋەن قۇربان ئاخۇن ئىش بېشى 1920 - يىللىرى ئەتراپىدا موپاڭ كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان.

قۇربان ئاخۇن ئىش بېشىنىڭ ئوغۇللىرىدىن مامۇت ئاخۇن ئۇستا (1894— 1960)، سابىت ئاخۇن ئۇستا (1920— 1958) لار ئاتىسىدىن ياغاچچىلىق ھۇنىرىنى ئۆگىنىپ بىر ئۆمۇر شۇ كەسىپ بىلەن ئۆتكەن. ئۇلار «شىپتەي راۋىقى» قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، يەنە ماشىپتەيىنىڭ قىزىل دەريا بويىدىكى (قۇمچا كەنتىدىكى) تۇگمەنلىرىنىڭ ياغاچچىلىقىنى قىلغان. شەھەر ئىچىدە بىرقانچە مەسچىتنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان، جامائەتكە تونۇلغان ياغاچچىلاردىن بولغانىدى.

سابىت ئاخۇن ئۇستىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئابدۇللا سابىت، ئابدۇرېشىت سابىتلار ئەجدادلار كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەھەردىكى نۇرغۇنلىغان ئىمارەت - بىنالارنىڭ ياغاچچىلىقلىرىنى قىلغان، ئۇلار شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتىنىڭ غوللۇق ئۇستىكارلىرىدىن بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشقان......

**ئاتاقلىق بىناكار (تامچى) مەشۇق ھاجى**

ئاتاقلىق تامچى مەشۇق ھاجى تەخمىنەن 1850 - يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى گۈزىرى ياغاچچى كوچىسىدا تۇغۇلغان، ئۇ ئۆمۈر بويى تامچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەشۇق ھاجى ئەينى زاماندا بىناكارلىق ئىشلىرىدا كامالەتكە يېتىپ، نامى چىققان ئۇستىكار بولۇپ، ئۇنىڭ پىلانلاش، لايىھەلەش ۋە ھېسابلاش جەھەتتىكى ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھەر ئىچىدە بىرقانچە كوچىدا مەدرىسە - مەسچىتلەرنىڭ تامچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان، شەخسلەرنىڭمۇ كۆپلىگەن ئىمارەتلىرىنى ياسىغان.

مەشۇق ھاجىنىڭ بىناكارلىقتىكى تۆھپىسى ۋە يادىكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى — ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە 1896 - يىلى باشلىنىپ، 1898 - يىلى پۈتكۈزۈلگەن ئاتاق مازار «ھەبىب ئەجەم» قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش ئۆزگىچىلىكى ۋە پۇختا، مۇستەھكەملىكلىكى بىلەن ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

«ھەبىب ئەجەم» مازار قۇرۇلۇشى مەقبەرە، گۇمبەز، مەسچىت، مۇنار، پەشتاق ۋە ئېتىكاپخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، گۇمبەز ۋە پەشتاق ئۇستىگە كۆك كاھىش خىش ئىشلىتىلىپ كۆركەم قىلىنغان. مەشۇق ھاجى بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەم لايىھەلىگۈچىسى، ھەم ئىش بېشى بولغانىدى، ئۇنىڭغا كېتەرلىك مەبلەغنى ئاتۇشنىڭ ئاتاقلىق سودىگەر بايلىرىدىن ھۇسەنباي (1844 — 1926) ۋە باھاۋۇدۇنباي (1851 — 1928) بەرگەنىدى. بۇ مازار قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭ مېمارچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىگە قايىل بولغان مۆھتەرەم زات — تەجەللى ھەزرەت[1] بۇ مازار قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىغا

[1] تەجەللى (1848 — 1927) قاغىلىقتا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر ھەم تېۋىپ.

ئاتاپ تۆۋەندىكىدەك نەزم يازغانىكەن. ئۇنىڭ نەسر تەرجىمىسى مۇنداق: «ياخشىلىق قىلغۇچى ئەجەمىيگە كېلىڭلار، مانا بۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغان، ھەممىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن داڭلىق كاتتا كىشىدۇر. ئۇ جاي كائىناتنى گۈللەندۈرگۈچىلەرنىڭ مەيدانلىرىدۇر. ناھايىتى ئالىيلىق بىلەن ئاشكارا بولىدىغان، گۈزەللىك بىلەن تونۇلىدىغان بولۇپ كەتكەندۇر. سەن ئۇنى ئەڭ گۈزەل مۇلۇك مەنزىرىسى جىلۋە قىلىپ، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان گۈزەل رۇم قىزلىرىدەك كۆرىسەن، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يەتتە قات ئاسمانغا مىنگەن ئېگىز، مۇستەھكەم مۇنارلىرى نامايان بولىدۇ، بۇ مۇنارنىڭ قۇببىسى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممەت يۈكسەكلىكى ۋە يارقىنلىقىدا كۆزلەر ھەيرەتتە قالىدۇ، يەنى كۆزلەر ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كېتىدۇ. پاساھەتلىكلەر تىلىنى گاچا قىلىپ قويىدۇ، بۇ جاي ئاسمان جىسىملىرىغا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەشھۇر كۇنگچە كېلىشمەسلىكنىڭ چۇشۇشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ[①]»، يەنە «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇنداق تەرىپلەنگەن: «ئۆز زامانىسىدا داڭلىق بىناكارلىق ماھىرى دەپ تونۇلغان قەشقەرلىك مەشۇق ھاجى لايىھەلەپ ياساپ چىققان بۇ كاتتا بىنالار 1902 ـ يىلى يۇز بەرگەن سەككىز بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلىگەن بولۇپ، مازارنىڭ گۇمبىزى ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا[②]». مەشۇق ھاجىنىڭ ئىز باسقان ئوغلى ئوسمان ئاخۇن ئۇستا (1871 ـــ1947) 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياغاچچىلىق قىلىپ قەشقەرنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقان، ئۇ ئوغلانلىرى (توقسۇن ئاخۇن، ئۆمەر ئاخۇن، زۇنۇن ئاخۇن، ئېيىپ ئاخۇن، تاھىر ئاخۇن ۋە مەشۇق ھاجى) بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ۋە

---

① «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى 47 ـ بەت.

② «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، 100 ـ، 101 ـ بەتلەر.

ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەردە تۈرلۈك ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ نامى بار ياغاچچىلار ئائىلىسى بولۇپ تونۇلغان. ئۇلار ئاشۇ يىللاردا قەشقەردە ئەۋج ئالغان تەرىقەتچىلىك ئېقىمىنىڭ پېشىۋالىرى (تايخان غوجا، شەيخ ھەزرەت، جانقۇربان غوجا) لارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ۋە خانىقا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان.

ئوسمان ئاخۇن ئۇستىنىڭ كەنجى ئوغلى مەشۇق ھاجى (1916 — 1991) 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مەھسۇلى بولغان كونسۇلدىكى رەڭلىك مېتال زاۋۇتىدا ياغاچچىلىق قىلغان. رەڭلىك مېتال زاۋۇتى كېيىن قەشقەر شەھەرلىك 2 ـ بىناكارلىق شىركىتىگە قاتناشقان، شۇنىڭدىن بۇيان تەشكىل قارىمىقىدا ئىشلەپ، ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپ ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىقىنى قىلىپ ئۆتكەن. مەشۇق ھاجىنىڭ ياغاچچىلىقتا ئاق ئىش (ئىشىك ـ دېرىزە) ياساش تېخنىكىسى ئۇستۇن ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى غۇلامجان ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ياغاچچىلىق قىلماقتا.

**ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ تۆھپىكارى ھاشىم چوڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى**

ھاشىم چوڭ ھەر خىل ئىمارەت ۋە ئىشخانا، ئۆي جاھازلىرى ياساشتا ماھىر بىناكار. ئۇ 1866 ـ يىلى قەشقەرنىڭ تۆرەيارباغ كوچىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن زېرەك ۋە ئەقىللىك بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياغاچچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلاپ، شىنجاڭ بىناكارلىق تارىخىدا مەشھۇر ئۇستا بولۇپ تونۇلغان، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۇ كەسپتە كامالەتكە يەتكەن.

ھاشىم چوڭ ئەينى دەۋردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشلىرى، ئىشخانا جاھازلىرى، شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك ئىمارەتلىرى، ئۆي جاھازلىرى ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى...... قاتارلىق بىناكارلىق ئەسلىھەلىرىنى

ناھايىتى كىلىشتۈرۈپ پىلانلاپ ۋە كۆركەم ياساپ، بۇ ساھەدە شۆھرەت قازانغان.

ھاشىم چوڭ 1902 - يىلىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشتە بۇزۇلغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ پېشايۋان، ھۇجرا ۋە مۇنار قۇرۇلۇشلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىشتا (1906 - يىلى رېمونت قىلىنغان) نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىپ، دىنىي زاتلار ۋە ئۇستىكارلارنى قايىل قىلغانىدى. 1910 - يىللار ئەتراپىدا قەشقەر دوتەيلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىغا ۋە كوناشەھەر ناھىيە (ئامبال) لىك ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىغا تۈرلۈك شىرە، جاۋەن، ئۇستەل ۋە چوڭ - كىچىك ئورۇندۇق...... لارنى ياساپ بەرگەن، يەنە قەشقەردىكى ئاتاقلىق زاتلارنىڭ ئۆيلىرىگە، قىرائەتخانىلىرىغا ۋە ئەينى دەۋردىكى چەت ئەللەرنى كۆرگەن سودىگەر بايلارنىڭ تۈرلۈك تۈرالغۇلىرىغا قىممەت باھالىق ياغاچ ۋە ھەرخىل ھايۋان سۆڭەكلىرىنى ئىشلىتىپ، تۈرلۈك ئېسىل جاھازلارنى ياسىغان. ئۇ جاھازلار شۇ قەدەر چىرايلىق ۋە نەپىس ئىدىكى، ئۇنىڭ چېتىقلىرىنى، تارتمىلىرىنىڭ چاكلىرىنى بىلگىلى بولمايتتى، يۈزلىرى ئەينەكتەك سىلىق ئىدى......

ھاشىم چوڭ شۇ زاماندا ياغاچ ۋېلىسىپىت ياساپ مىنىپ سىناق قىلغان، يەنە يوغان قارا ماشىنىنى كۆرۈپ: «ياغاچتىن ماشىنا ياسايمەن» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى كۆرگەن خەلق: «ھاشىم پەرەڭ» دەپ ئاتاشقان.

1920 - يىلى جىن شۇرېن قەشقەر (كوناشەھەر) گە ئامبال ۋاقتىدا قەشقەر دوتەي يامۇلى ۋە ئامبال ئىشخانا - ئۆيلىرىدە ھاشىم چوڭ ياسىغان ھەرخىل جاھازلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياغاچچىلىقتىكى ھۈنەر - سەنئىتىگە قايىل بولغانىدى.

1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك باش ۋالىي ياڭ جياڭجۇن قەتل قىلىنىپ، جىن شۇرېن ئۆلكە باشلىقى بولغان. ئۇ 1930 - يىلى ھۆكۈمەت نامىدىن ئالاقە چۈشۈرۈپ، قەشقەردىكى ياغاچچىلاردىن ھاشىم چوڭ بىلەن مەخسۇد چوڭنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن

ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ماناس دەرياسىغا بېرىپ كۆۋرۈك ئورنىنى كۆرگەن ۋە بۇرۇنقى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ، يېڭىدىن قانداق كۆۋرۈك ياساش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەخسۇد چوڭ ئىش بېشى بولۇپ ماناس كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا قېلىپ، ھاشىم چوڭ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېتىپ، يېڭىدىن ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغان «شىنجاڭ رۇس تىلى قانۇن ئىنستىتۇتى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش بېشى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ھاشىم چوڭ ئۇرۇمچىدە بىرقانچە يىل تۇرۇپ (ئائىلە، پەرزەنتلىرىنى قەشقەردىن ئېلىپ چىقىپ) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن يەنە ئىشخانا، زال ۋە باشقا ئۆيلەرگە ھەر خىل جاھاز ۋە سافا شەكىللىك ئۇستەللەرنى ياساپ، ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1934 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتلىك تارماق ـ ئىشخانا تەرىپىدىن ھاشىم چوڭ بىلەن مەخسۇد چوڭنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىغان ۋە شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق (ياغاچچىلىق كەسپى) نىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى «چوڭ» لۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن.

ھاشىم چوڭنىڭ ئىز باسقان ئوغلانلىرىدىن مۇھەممەتخان ئۇستا (1890 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، سابىتخان ئۇستا (1900 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان)، ھامىتخان ئۇستا (1902 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان) قاتارلىقلارمۇ ئۆز ھۈنىرىدە داڭ چىقارغان.

مۇھەممەتخان ئۇستا زېھنى ئۆتكۈر ۋە ئىشچان بولۇپ، ئاتىسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇستا بولۇپ يېتىشكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ مەلۇم ئىش بىلەن ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ، تۈرمىدە گېرمانىيەلىك بىر مەھبۇس بىلەن بىر كامېردا يېتىپ ئۇنىڭدىن ئىسكىرىپكا ياساشنى ئۆگىنىۋالغان، تۈرمىدىن

چىققاندىن كېيىن تۆرەيارباغدىكى ئۆيىنىڭ يول بويىدا دۇكان ئېچىپ ئىسكىرىپكا ۋە باشقا سازلارنى ياساپ ساتقان. ئەينى دەۋردە بۇ خىل ساز (ئىسكىرىپكا) قەشقەردە يوق ھەم چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلىدىغان بولغانلىقتىن يۇقىرى باھادا سېتىلغان. مۇھەممەتخان ئۇستا يەنە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىمۇ ياساپ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىگە تونۇلغان.

**مەشھۇر سىرچى — نەققاش نامانخان ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارى**

نامانخان ئۇستا 1877 - يىل 6 - ئايدا قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچى مەھەللىسىدىكى، سىرچى - نەققاشچى يۇسۇپ ئاخۇن ئۇستىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

يۇسۇپ ئاخۇن ئۇستا ئاتا - بالىلىرىدىن تارتىپ سىرچىلىق - نەقىشلىك ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەينى دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئۇستىكارلىرىدىن ئىدى. ئۇ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردا مەدرىسە - مەسچىتلەرنىڭ پېشايۋان - تۈۋرۈك ۋە كايىۋان، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك سىرلاپ، خا، جەگە، هاراق ياغاچلىرىغا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىپ كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى.

سودىگەر ۋە ئاتاقلىق زاتلارنىڭ ئىمارەتلىرى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قولى بىلەن رەڭمۇرەڭ گۈلزارلىققا ئايلىناتتى.

نامانخان ئۇستا شۇنداق ئائىلىدە ئۆسۈپ ئەجدادلىرىنىڭ ھەرخىل ئىمارەتلىرىگە سىزغان سىرچىلىق - نەققاشچىلىقتىكى ھۈنەر - سەنئىتىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان، بولۇپمۇ سىر بىلەن ھەر خىل نەققاشلارنى ۋە بىر - بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن گۈل - گىياھلارنى، مەنزىرە سۈرەتلىرىنى سىزىشتا ئۆتمۈشتىكىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپ، يېڭى - يېڭى نۇسخا- كۆرۈنۈشلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

نامانخان ئۇستا سىرچى - نەققاشچى بولۇش بىلەن، سەھنە دېكۇراتسىيە ۋە سەھنە ئارتىسلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك زىننىتى

قاتارلىق گۈزەل سەنئەت كەسپىگىمۇ ماھىر رەسسام بولغانىدى. ئۇ 1933 - يىلى قەشقەر دوتەي يامۇلى ئالدىدىكى تامغا تاتار ئالىمى ئەھمەد فەرىد ئابباس سىزغان شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىگە ماس كەلتۈرۈپ ھەر خىل رەڭ بەرگەنىدى. 1939 - يىل 9 - ئايدا ئىش باشلىنىپ 1940 - يىلى پۈتكۈزۈلگەن ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىنىڭ سەھنە تاملىرىغا ئاجايىپ ماھارەت بىلەن مەنزىرە رەسىملىرىدىن تاللاپ سىزغان رەڭدار كۆرۈنۈشلەر تاماشىبىنلارنىڭ ئالاھىدە زوقىنى كەلتۈرگەنىدى. كۇلۇب قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەر «سانايى نەفىسە» تەرىپىدىن ئوينالغان «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن مالالان»، «رابىيە - سەئىدىن»...... قاتارلىق دراما - ئوپېرالارنىڭ سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى لايىھەلەپ ۋە دېكوراتسىيە كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئىجادىي سىزىپ چىقىپ، سەنئەتچىلەر ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، تەشەككۈرىگە سازاۋەر بولغانىدى. قوشنا شەھەر، ناھىيە (يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا) سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەھنە دېكوراتسىيەلىرىنى سىزىپ بېرىپ ۋە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ تەشەككۈر-رەھمىتىگە ئېرىشكەن.

داڭقى يىراق يېزىلارغا كەتكەن نامانخان ئۇستا 1942 - ، 1943 - يىللىرى سەمەندىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىشخانا، ئولتۇراق بىنالىرى ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياۋروپا پاسوندا ۋە مىللىي پاسوندا سىرلاپ، تام - تورۇسلىرىنى مەنزىرە رەسىملەر بىلەن بېزەپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى سىرچىلىق - نەققاشچىلىق، گۈزەل سەنئەت ۋە رەسسامچىلىق ئۇستىلىرىنىڭ تالانتى، ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

1974 - يىلى ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ چوڭ رېمونت ئىشلىرىدا سىرچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، شەربەت كۆلى بويىدىكى ياسىداق تاختا مەسچىتنىڭ ئىشىك - دېرىزە، پېشايۋان - كايىۋان، تۈۋرۈك، تورۇسلىرىغا ھەر خىل سىر بىلەن نەقىش ۋە مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ نەمۇنە قالدۇرغان، ئاتۇشتىكى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋە يېنىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ سىرچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان.

1951 - يىلى ئاقسۇ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ ئاقسۇ خەلق كۇلۇبىنىڭ ئالدىغا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى سىزىپ رەسسامچىلىقتىكى ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ ئاقسۇ خەلقىنى ھەيران قالدۇرغان.

1954 - يىلى قەشقەر خەلق باغچىسى ئىچىگە سېلىنغان «مەدەنىيەت سارىيى» قۇرۇلۇشىنىڭ سىرچىلىق - نەقىشلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ (ئوغلى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن)، ئاجايىپ سېھرىي كۆچكە تولغان گۈزەل نەقىشلەرنى سىزىپ قالدۇرغان.

1955 - يىلى ئاپاق غوجا مازىرى ۋە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قايتا رېمونت ئىشلىرىدا سىرچىلىق ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلغان، مەسلىھەت بەرگەن، بارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئوغلى ۋە شاگىرتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان. ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، نامى تىللاردا قالغان نامانخان ئۇستا 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيادىن ئۆتكەن.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان نامانخان ئۇستىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى سىرچىلىق - نەقىشچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسسىق - سوغۇق ۋە بوران - چاپقۇنلاردا رېڭى ئۆڭۈپ تۈزۈپ بارسىمۇ، گۈزەللىكنى، سەنئەتنى سۆيىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس نام قالدۇردى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان، كۆرگەن كىشىگە يېڭىلىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان يارقىن كۆرۈنۈشلۈك نەققاش ۋە گۈزەل سەنئەتلىك رەسىملىرى سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۇزاققىچە يادلىنىپ تۇرىدۇ.

نامانخان ئۇستىنىڭ ئوغلى، نەتىجىلىك ئىز باسارى مۇھەممەتئىمىن نامان 1932 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ 8

ياشقا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ سىرچىلىق ـ نەقىشچىلىكنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

نامانخان ئۇستا نەچچە ئون يىل ئىشلەپ توپلىغان سىرچىلىق ـ نەقىشچىلىك ھۈنەر ـ سەنئەت بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى ئوغلى مۇھەممەتئىمىنگە ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك، تالانتلىق ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. ياش مۇھەممەتئىمىن ئاتىسى بىلەن بىللە ھەرقايسى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن تارتىپ ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرلۇك ئىمارەت، دۇكانلىرىغىچە، چوڭ بىنالاردىن تارتىپ سەھنە دېكوراتسىيەلىرىگىچە سىرچىلىق، نەقىشچىلىكتە ۋە گۈزەل سەنئەت، رەسساملىق ئىشلىرىنى قىلىپ، نەقىشچىلىكتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان.

مۇھەممەتئىمىن نامان ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن بۇ ھۈنەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ نەچچە مىڭلىغان نەپىس، كۆركەم ۋە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق نۇسخىلارنى سىزىپ لايىھەلەپ چىقتى، ئۇنىڭ لايىھەلەپ سىزغان نەقىش نۇسخىلىرى بىناكارلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئات ـ ھارۋا جابدۇقلىرى...... قاتارلىق خىلمۇخىل تۇرلەردە كەڭ قوللىنىلدى.

مۇھەممەتئىمىن نامان سىر ۋە بوياقلارنى تەڭشەش، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇشتا ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، ھېرىپ، چارچاشقا قارىماي، نۇرغۇن ۋاقتىنى ۋە ئەجرىنى سىڭدۈرگەن. ئۇ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۇستىدىكى ئەرەبچە ھۆسنخەن يېزىلغان ۋېۋىسكا ۋە جامەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پېشايۋان ۋە ئىككى ئىشىك ئۇستىدىكى نەققاشلىق رامكىلارنى سىرلاپ ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

مۇھەممەتئىمىن نامان قەشقەردە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە شەخسلەر ئولتۇراق ئۆي، ئىشخانا، ئۆي جاھازلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان سىرچىلىق ۋە گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنى قىلغان. ئۇنىڭ خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك سىر ۋە بوياق

بىلەن بولىدىغان نەقىشچىلىك ئىش ئىزلىرى بىلەن ئۇ خەلق ئىچىدە تەڭداشسىز مول ھوسۇللۇق سەنئەتكار بولۇشقا لايىق ئىدى، خەلق ئۇنى ئەسلەپ كەلمەكتە. ئۇ جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولغان، ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت، رەسساملىق ئىجادىيىتى مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ سىرچىلىق - نەقىشچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى ۋە خەلق گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق سەنئەتكار مۇھەممەتئىمىن نامان 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ جانقورغان كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىغا پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

## داڭلىق بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش ئۇستىسى ئابلىز ئابدۇللا

داڭلىق بىناكارلىق سەنئىتى نەققاش ئۇستىسى ئابلىز ئابدۇللا 1935 - يىلى قەشقەر شەھىرى دۆڭ مەسچىت ئاھالىلەر كومىتېتىدا تۇغۇلغان. ھازىر دۆڭ مەسچىت ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق. 1949 - يىلى دادىسى مەرھۇم ئابدۇللا ئىبراھىمدىن ئاتا كەسىپ ئۇيغۇر بىناكارلىق گەج، خىش ئويما، نەقىشلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1949 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە جەمئىي 14 يىل دادىسىنىڭ كەسپىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقى بويىچە گەج، خىش ئويما نەقىشچىلىك ئۇستىسى بولۇپ يېتىشكەن. دادىسىنىڭ كەسپىنى يەنە بىر قورساق ئاكا - ئۇكىلاردىن ئىبراھىم ئابدۇللا، مەمەت ئابدۇللا، ئىسمائىل ئابدۇللالارمۇ ئۆگەنگەن. بۇ تۆت ئاكا - ئۇكىلار ئۇز ۋاقتىدا قەشقەرنىڭ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق نەقىش سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئابلىز ئابدۇللا ئۇستامنىڭ ھازىر ھۈنەرنى تاكامۇل ئۆگىنىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان 18 شاگىرتى بار.

ئابلىز ئابدۇللا ئۇستام 1951 ـ يىلى قەشقەر خەلق باغچىسى قۇرۇلغانىدا، خەلىق باغچىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولىۇپ قوبىۇل قىلىنىپ، باغچىنى قىۇرۇش، باغچىنىڭ ئىچىدىكى تۇرلۇك ئىمارەت، راۋاقلارنى ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا لايىھەلەش، بېزەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان ھەمدە 1953 ـ يىلى خەلىق باغچىسى ئىچىدىكى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ گەج، خىش ئويمىگەرچىلىك، نەققاشلىق ئىشلىرىنى ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىكى بويىچە ئۇلگە ياراتقان.

1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇرۇمچى خەلىق سارىيىنى ياساشقا مۇيەسسەر بولۇپ، سەككىز يېرىم ئاي جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلىق ھۆكۈمىتى ۋە ئابلەت ئابدۇرېشىت رەئىسنىڭ قايتا چاقىرتىشى ئارقىلىق، بېيجىڭ خەلق سارىيى شىنجاڭ زالىنى ياساشقا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ نەقىشچىلىك سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلغان ۋە ئاپتونوم رايون، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ زالىغا ئىشلەنگەن ئويما نەقىشلەر ئىنتايىن نەپىس، ئىنتايىن كۆركەم، ئىنتايىن سىپتا ئىشلەنگەن بولغاچقا، مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ، ھەربىر كىۋادرات مېتىر نەقىشكە ئەڭ يۇقىرى باھادا 1000 يۈەندىن ھەق ھېسابلاپ 86 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى بەرگەن.

ئابلىز ئابدۇللانى زىيارەت قىلغانىدا ئۇ: «مەن ئاتا مىراس كەسپىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن ۋە قەدىرلەيمەن. كەسپىم ئارقىلىق خەلقىمگە ياخشى ئىش قىلسام دەيمەن. لېكىن، ياشىنىپ قالدىم، شۇڭا بۇ ھۈنەرنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرۇش ئۇچۇن ئىككى ئوغلۇمغا ئۆز ھۈنىرىمنى ئۆگەتتىم. چوڭ

ئوغلۇم ئابلىمىت ئابلىز بىلەن كەنجى ئوغلۇم ئابدۇشۇكۇر ئابلىز ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىق ھۈنىرىمنى (گەج ئويما، خىش ئويما) ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىپ، مەندىن قېلىشمايدىغان تاكامۇل ھۈنەرۋەن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ھازىر بۇ ئىككى ئوغلۇمنىڭ 10 نەپەر شاگىرتى بار. يىل بويى قولىدىن ئىش ئۆكسۈمەيدۇ. ئىككى ئوغلۇم شاگىرتلىرى بىلەن بۇ يىل قەشقەر ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ نەقىشچىلىكىنى ئىشلىدى. بۇ ئىككى ئوغلۇمنىڭ ھۈنىرىمنى تاكامۇل ئۆگىنىپ ئۆز ئۇستىگە ئالغانلىقىغا ئىنتايىن رازى ۋە پەخىرلىنىمەن» دېدى.

ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىكى ئابلىز ئابدۇللا ئائىلىسىنىڭ تۆت ئەۋلاد ئاتا كەسپى بولۇپ، ئابلىز ئابدۇللانىڭ دادىسى مەرھۇم ئىككىنچى ئەۋلاد نەققاش ئۇستىسى ئابدۇللا ئىبراھىم 1890 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1968 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابدۇللا ئىبراھىم ئۇستام ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك ھۈنىرىنى ئۆزىنىڭ بىر قورساق ئاكىسىنىڭ قېيىنئاتىسى خوتەنلىك دۆلەت ئاخۇن ئۇستامدىن 15 يىل شاگىرت بولۇپ ئۆگەنگەن. مۇشۇ ھۈنەر بىلەن ئىزچىل 60 يىل شۇغۇللىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئابدۇللا ئىبراھىم ئەينى زاماندا ئۇيغۇر نەقىشچىلىك ھۈنىرىگە ئىنتايىن پىششىق بولۇپ، بۇ ھۈنەرنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان. ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆزى سىزىپ، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەپ نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتقان. ئۆز ئۆمرىدە 120 دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۇرگەن. بۇ شاگىرتلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىرىنى نامايان قىلغان. ئابدۇللا ئىبراھىم ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق بايلارنىڭ كاتتا ئۆيلىرىنى ياسىغان ۋە كۆركەم، نەپىس، ئازادە بېزەپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىنى نامايان قىلىپ، قەشقەر خەلقى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. بەزى بايلار ئابدۇللا ئىبراھىمغا ئۆزىنىڭ ئۆيلىرىنى سالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆچرەت كۈتۈپ بىرنەچچە يىل ساقلىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلگەن.

ئابدۇللا ئىبراھىم يەنە ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىكى 30 دىن ئارتۇق داڭلىق مەسچىتنىڭ نەقىشلىكىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ ئىز قالدۇرغان. ئاپاق غوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

1956 - يىلى ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسى سېلىنغاندا ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشنى سېلىشقا قاتنىشىپ، ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ نەقىشچىلىكىنى تەلەپكە لايىق ئىشلەپ پۈتكۈزگەن ۋە ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

1958 - يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيىنى يېڭىدىن سالغاندا ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بېيجىڭغا تەكلىپ بىلەن چاقىرتىلىپ، بىر يېرىم يىل تۇرۇپ بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەقىشچىلىكىنى كاپالەت بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەلەپكە لايىق پۈتكۈزۈپ مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

دېمەك، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدە ئابلىز ئابدۇللا بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى ياساشقا، دادىسى ئابدۇللا ئىبراھىم بېيجىڭ خەلق سارىيىنى ياساشقا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قاتنىشىپ، مىللىي قول ھۈنەر - سەنئىتى — نەقىشچىلىك بويىچە يۇقىرى ماھارەتنى دۇنياغا نامايان قىلغان.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قىياسەن ئېنىقلىغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرىنچى ئەۋلاد دۆلەت ئاخۇن، ئىككىنچى ئەۋلاد ئابدۇللا ئىبراھىم، ئۈچىنچى ئەۋلاد ئابلىز ئابدۇللا، تۆتىنچى ئەۋلاد ئابلىمىت ئابلىز ۋە ئابدۇشۈكۈر ئابلىزلارنىڭ ئۇيغۇر نەقىشچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىنى قوشقاندا 200 يىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. لېكىن، بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر نەقىشچىلىك ئۇستىسى دۆلەت ئاخۇننىڭ تەپسىلىي تارىخى توغرىسىدا ھېچقانداق ماتېرىيالغا

ئېرىشەلمىدۇق. بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر قان - تەر ئاقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ ئۆز خەلقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن تۆھپىكارلاردۇر.

تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇنداق بىر قىسىم ئەھۋاللارنىمۇ ئىگىلىدۇق. ئابلىز ئابدۇللانىڭ قولىدا دادىسى ئابدۇللا ئىبراھىمدىن قالغان ۋە ئۆزى ئىجادىي ئىشلەپ توپلىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر نەقىش نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇ ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىدىن غازى ئەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىدىن ئىمىنجان بەختى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت سارىيىدىن جۆرى قادىر قاتارلىقلار پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن.

بۇ يېتۈك نەقىشچىلەر جەمەتىنىڭ تەۋەررۈكلىرى ھازىرغىچە ئاشۇ رەسساملارنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

**ياغاچ ئويما نەقىش سەنئىتى ئۇستىسى ئابلىكىم ئۆمەر**

ئابلىكىم ئۆمەر 1952 - يىلى قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارما قاسقان بازىرى ئاھالىلەر كومىتېتىدا تۇغۇلغان. 1969 - يىلىدىن باشلاپ ياغاچ ئويما نەقىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ھازىر قەشقەر شەھىرى ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق.

ئابلىكىم ئۆمەر ياغاچ ئويما نەقىش ھۈنىرىنى بىرەر داڭلىق ياغاچچى ئۇستامدىن شاگىرت بولۇپ ئۆگەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۆزلۈكىدىن قىزىقىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆگەنگەن. ئابلىكىم ئۆمەر كىچىكىدىن تارتىپ رەسىم سىزىش، نەقىش سىزىشقا، ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ مودېللىرىنى ياساشقا ھەۋەس قىلغان، بولۇپمۇ ئابلىكىم ئۆمەرنى ياغاچ ئويما نەقىش سەنئىتى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان. ئۇ 1969 - يىلىدىن باشلاپ ھەر خىل نەقىش نۇسخىلىرىنى توپلاپ، سىزىپ، ئويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ

ھۈنىرىنى يىلدىن ـ يىلغا تاكامۇللاشتۇرغان.
ئابلىكىم ئۆمەر ياغاچ ئويما نەقىش ھۈنىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان، نەقىش نۇسخىلىرىنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆزى سىزىپ، ئۆزى ئويۇپ، پۈتۈن ھۈنەرنىڭ باسقۇچلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تاماملاپ، ھۈنىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئۇ كۆزى كۆرگەننى قىلالايدىغان، بۇرۇن قىلىپ باقمىغان، ياساپ باقمىغان نەرسىلەرنى خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە ياساپ بېرەلەيدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ياغاچتىن ياساپ چىققان تۈرلۈك نەرسىلەرگە قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسى سىڭدۈرۈلگەن.
ئۇنىڭ ھازىر ھۈنەرنى پۇختا ئۆگىنىپ ئۇستا بولۇپ چىققان 12 نەپەر شاگىرتى بار، بۇ ئۇستاملارمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ھۈنىرىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلماقتا. ئابلىكىم ئۆمەر ھازىر ئۇيغۇر بىناكارلىقى ساھەسىدە ھەر خىل ئۆيلەرنىڭ ياغاچ ئويما نەقىشلىرىنى ئىشلەپ، جامائەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشمەكتە. ئۇ ھازىر ئالىي دەرىجىلىك سافا، كارىۋات، جاۋەن، دەرۋازا، ئىشىك ـ دېرىزە، چاي جوزىسى، ھەر خىل پەنجىرە، لوكدان، ھەر خىل ئۆيلەرنىڭ خا، جەگە، تۈۋرۈكلىرىنى ياساش بىلەن بىرگە، بۇ نەرسىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ياغاچ ئويما نەقىش ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.
ئابلىكىم ئۆمەر ياسىغان بىر دانە نەپىس ئويما نەقىشلىك چوڭ دەرۋازا 1998 ـ يىلى كۇنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك كۆرگەزمىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.
ئابلىكىم ئۆمەر يەنە 1986 ـ يىلى ئابلىمىت زۇنۇننىڭ تەلىپى بويىچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ مودېلىنى ياغاچتىن ياساپ چىقىپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. دۆلەت مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ياسىغان. ئابلىكىم ئۆمەرنىڭ قولىدا قەشقەر ئۇيغۇر ياغاچ ئويما نەقىش شەكىللىرىگە ئائىت نۇسخا ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ ھەم ئۇ ئۆزى ياساپ چىققان بىر بۆلۈك

ئەمەلىي نەرسىلەرمۇ بار.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق تۆت يېزا، تۆت كوچا باشقارما تەۋەسىدە گەج ئويما، خىش ئويما نەقىشلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 60 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلار 15 نەپەر، شاگىرتلار 45 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. ياغاچ ئويما نەقىش ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 50 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلار 10 نەپەر، شاگىرتلار 40 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. سىر نەقىشچىلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 30 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلار 5 نەپەر، شاگىرتلار 25 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن داڭلىق ئۇستىلارنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە نەقىش ھۈنەر - سەنئىتىدە ھەقىقىي ئىش قىلىدىغانلار ئاز، باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈپ قىلىدىغانلار كۆپ، ھەقىقىي ئويما نەقىش ئاز، قېلىپتا قۇيۇپ، نەقىشنى تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ چاپلاپ ئىشلەيدىغانلار كۆپ. داڭلىق نەقىش ئۇستىلىرى چاپلىما نەقىشنى ساختا ئىش دەپ ياراتمايدىكەن. چۈنكى، نەقىشلەر ھەر خىل نۇسخىلار بويىچە قېلىپتا قۇيۇپ تەييارلىنىۋېلىنىپ، نەقىش ئويماقچى بولغان ئورۇنغا يېلىملاپ چاپلاپ ئىشلىتىلگەچكە، بۇنداق نەقىشلەر ئۇزاق مۇددەت چىدىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. ھازىر قەشقەردە نەقىشچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى چاپلىما ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن.

يېقىندا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاق، دۇنياغا داڭلىق ئىكەنلىكىنى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ

مىراسنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ لازىملىقى تەكىتلىنىپ، تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇر پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتىنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قاتلاممۇ قاتلام يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەلىپىگە ئاساسەن، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

2. قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش لازىم.

3. ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشچىلىك سەنئىتى بويىچە تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇپ، نۇقتىلىق ئۇستىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، داڭلىق ئۇستىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش، داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالىنى ھەل قىلىش لازىم.

4. «قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش نۇسخىلىرى» نامىدا كىتاب تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نەقىش نۇسخىلىرىمىزنى ئۆزىمىز قوغدىشىمىز لازىم.

5. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نەقىشچىلىك سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ياغاچ ئويما، گەج ئويما نەقىشچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇپ، داڭلىق ئۇستىلارغا نام بېرىپ، قەشقەرنىڭ نەقىشچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىنى مەملىكەت ئىچىگە ۋە دۇنياغا نامايان قىلىش كېرەك.

6. قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشچىلىكىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى يالغۇز بىناكارلىق ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. نەقىش يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە نەرسە بولغاچقا، ئۇنى بىناكارلىقتىن باشقا تۈرلەرگىمۇ كەڭ قوللىنىپ، قەشقەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، قەشقەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى سەنئەت تۈسىگە يەنىمۇ ئىگە، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ، نەقىشچىلىكنى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدىغان نۇقتىلىق كەسىپ تۈرىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

7. ئۆي ـ ئىمارەت بېزەكچىلىكىدىكى نەقىشچىلىك، سىرچىلىق، گەج خالىق، ياغاچ ئويمىكارلىق ھۈنەر ـ سەنئەتلىرى ئىنتايىن زىل ۋە ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈرلۈك ئالاھىدە قول ھۈنەر مەشغۇلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى زور، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى. قەشقەر مىللىي بىناكارلىقىنىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكى ئەنە شۇ قولى گۈل نەققاشچىلارنىڭ ئىككى قولىنى كۆپ ئىقتىدارلىق ئىجادىي «ماشىنا» قىلىپ ئىشلەپ چىققان كۆپ قىرلىق بېزەك ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن. كۆپ تىپلىق، كۆپ قىرلىق قەشقەر نەقىشچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ماددىي ۋە مەنىۋى قىممىتىمۇ دەل ئۇنىڭ قول بىلەن ئىشلەنگەنلىكىدە ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغانلىقىدا. ۋاھالەنكى، بازار رىقابىتى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، ماشىنىلىشىش، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قەشقەرنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي بېزەكچىلىك سەنئىتى ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە. بىلىم مۇلۇك ھوقۇقىغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغان بىر قىسىم زاۋۇت ـ كارخانىلار ۋە بىناكارلىق بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەر قەشقەر مىللىي نەقىشچىلىرىنىڭ قولىدا ئىشلەنگەن نۇسخىلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ

زاۋۇت قىلىپىدا قۇيۇپ شۇ نۇسخىدىكى سۇنئىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ بازارغا سالماقتا. ھەتتا تاۋار ماركىسىنىمۇ ئۆزىنىڭ نامىغا ئايلاندۇرۇۋالماقتا. زاۋۇتتا ياسالغان بۇنداق تەقلىدىي سۇنئىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەشنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى، تېخنىكا ۋە ئىجادىيلىق سەرپىياتى قولدا ئىشلەنگەن شۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭكىگە قارىغاندا خېلى تۆۋەن بولغاچقا، سېتىلىش باھاسىمۇ تۆۋەنرەك. مانا بۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋال قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بېزەكچىلىك ھۈنەر ـ كەسپىنى قوغداش، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش، ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈشتەك ئىستراتېگىيەلىك تەرەققىيات پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توسالغۇ بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چېۋەر قولىدا ئىشلەنگەن بىرلەمچى بېزەك بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتىنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ تاۋار ماركىسىنى، پاتېنت ھوقۇقىنى قانۇن ۋاستىسى بىلەن قوغدىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن مۇشۇ ساھەدىكى ئۇستىكارلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوغداش روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار (قەشقەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنى)، كوللېكتىپ كەسپىي تەشكىلاتلار ۋە شىركەتلەر مەسئۇل بولۇپ، ئۆز رايونىدىكى بېزەكچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ ـ بېكىتىپ، شۇ مەھسۇلات كىمنىڭ ئىجادىيىتى بولسا شۇ كىشىنىڭ تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. شۇ چاغدا بۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى قانۇن قوغدايدۇ ھەمدە شەخسىي تاۋار ماركىلىرىنى ئوغرىلاپ تەقلىدىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ بازاردا «تۆكمە» قىلىپ ساتىدىغان

قانۇنسىز قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ ـ پىكىرلەرنىڭ مەقسىتى قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بېزەكچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش نىشانى بۇ كەسىپلەرنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ قەشقەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، خالاس.

# III باب قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى

## 1. قەشقەرنىڭ كوناشەھەر رايونىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش پىلانى

قەشقەر — مەركىزىي ئاسىيادىكى سېھرىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان زۇننار، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئاپىرىدە بولغان بۆشۈكلىرىدىن بىرى. تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مۇھىتىدا بەرپا بولغان تىپىك قۇرغاق رايون شەھەرلىرىنىڭ يارقىن كۆزنىكى.

قەشقەر — پارلاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى شەھەر. ئۇنىڭ يازما خاتىرىلەرگە ئېلىنغان تارىخىلا 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. بۇ شەھەر قەدىمدىن تارتىپ «يىپەك يولى» بويىدىكى «نۇرلۇق مەرۋايىت». شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە تۇتاشتۇرىدىغان «ئالتۇن كۆۋرۈك» بولۇپ كەلدى. ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى ئەڭ مۇھىم چېگرا قاراۋۇلخانىسى بولۇپ كەلگەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئەنشىدىكى تۆت شەھەر» نىڭ بىرى بولۇپ سانالغان. قەشقەر — ئوقۇسا تۈگىمەيدىغان بىر سېھىرلىك كىتاب. بۇ كىتابقا غەربىي رايوندىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سىرلىرى يوشۇرۇنغان. بۇ كىتابتا يەنە يىپەك يولىنى بويلاپ توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەردە باشقا ھەرقانداق رايونغا قارىغاندا ئەڭ زور

دەرىجىدە ئېپادىسىنى تاپقان. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ شەھەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىقى (گوۋۇيۈەن) تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن دۆلەت دەرىجىلىك 62 تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ (شىنجاڭدىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى) ئېلىمىزنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت كۆزنەكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

سەيپىدىن ئەزىزى ناھايىتى توغرا ئېيتقان:

ئەزەلدىن داڭقى بار دەۋرانە قەشقەر،
گۈلىستانلار ئارا سەيلانە قەشقەر.

ۋاھالەنكى، قەشقەرنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى بەدىلىگە كەلگەن نامىشەرىپلىرى بۈگۈنكى كۈندە تارىخقا ئايلاندى. تارىخ بۈگۈننىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، كەلگۈسىگە تېخىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. يېڭى ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، مۇھىتى گۈزەل، تۇرمۇشى پاراۋان شەھەر - يېزا بەرپا قىلىش شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر - يېزىلارغا ئوخشاش قەشقەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى. قەشقەر شەھىرىدىن تارتىپ ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى ھەرقايىسى ناھىيە، يېزا - بازارلارغىچە 314 - دۆلەت يولىغا تۇتاشقان كەڭ ۋە ئازادە ئاسفالت يوللار ياسىلىپ تورلاشتۇرۇلدى. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت بىنالىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار، باغچە، ئاممىۋى پائالىيەت مەيدانلىرى، تىياتىر- كىنوخانا، تەنتەربىيە سارايلىرى، كىتابخانا، كۈتۈپخانا، مېھمانخانا ۋە سودا سارايلىرى، ئايرودۇرۇم، پويىز ۋە ماشىنا بېكەتلىرى، كۆككە تاقاشقان كۆپ قەۋەتلىك ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى...... ئارقا - ئارقىدىن قەد كۆتۈرۈپ قەشقەرنىڭ بىناكارلىق تارىخىدا ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار

بارلىققا كەلدى. قەشقەر ۋىلايىتى قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق بەش دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە قونجىراپ، تورغات، ئەركەشتام، قاراسۇ قاتارلىق تۆت ئېغىز سىرتقى ئەللەرگە ئېچىۋېتىلگەن. بۇنداق قولاي ئىمكانىيەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان قەشقەر تارىختىكى ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىنمە ھالىتىدىن تېز قۇتۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئادىمىيلىك ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە ئايلاندى. دېمەك، قەشقەر بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارالىق سودا شەھىرى، ساياھەت شەھىرى، ئىمپورت - ئېكسپورت شەھىرى، قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر مەركىزىي شەھىرى بولۇپ قالدى.

«سەيلىگاھىڭنى زىيارەت قىلغىلى تەشنا جاھان،
تەنتەنە قىلدىڭ گۈزەل زىننەتلىرىڭنى، كاشغەر.»[1]

دەرۋەقە، مەركىزىي ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ شەھەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش جەھەتتە قايىل قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقى، يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئېغىر سانائەت، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە قاتارلىق غوللۇق كەسىپلەرنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىغانلىقى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن، دېھقان - چارۋىچىلار

---

① غازى ئەھمەتنىڭ «كاشغەر» ناملىق غەزىلىدىن ئۈزۈندە، «ئەزىزانە قەشقەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 - يىلى نەشرى، I توم كىرىش سۆز.

تۇرمۇشىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشى...... قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار قەشقەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماقتا. قەشقەرنىڭ تارىختا شەكىللەنگەن مەپتۇنكارلىق ۋە جەزبىدارلىق ئوبرازى سۇسلاشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل «قەشقەر سەيلىسى قىزغىنلىقى» تۆۋەنلەپ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىدىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ پۈتكۈل ۋىلايەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى تۆۋەن باسقۇچقا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ «ئاگاھ بولۇڭلار، قەشقەرلىك! سىلەرگە نېمە بولدى؟» دېگەن تەئەججۈپلۈك خىتابىغا دۇچ كەلدى. بۇ خىتاب ۋە خىرىسنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئادەمنى ئاساس قىلىش (以人为本) پىرىنسىپى ئاساسىدا پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رىقابەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، قەشقەرنىڭ باشقا جايلاردىن تېپىلمايدىغان، ناھايىتى مول بولغان ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ قەشقەر خەلقىگە بەخت يارىتىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ بۇ ھۆكۈمەتنىڭمۇ، پۇقرالارنىڭمۇ بېشىنى قاتۇرىدىغان جىددىي سوئال ئىدى. تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش، يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئويلىنىش نەتىجىسىدە قەشقەرنىڭ شەھەر قىياپىتىنى يېڭىلاش، شەھەر ۋە يېزا - قىشلاق ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يېڭىلاشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئېيتىلىشقا ئوڭاي بولغان بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم قىيىن، ھەم مۇرەككەپ بولغان، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن كۆپ مەبلەغ تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە مەسىلە ئىدى. چۈنكى، قەشقەرنىڭ ئەنئەنىچىلىك ئېغى باشقا رايونلارغا قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈك، ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر،

زامانىۋى ئاڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي يۈكنى كۆتۈرۈش كۈچى ئاجىز، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىش روھى سۇسراق، شەھەر بىلەن يېزا - قىشلاقلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىرقەدەر گەۋدىلىكرەك بولغاچقا، بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە چۈشىنىشكە بولىدىغان ئوبيېكتىپ زىددىيەت، ئىسلاھات جەريانىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بىر خىل مۇقەررەرلىك. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاپ گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتى بەرپا قىلىش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەلىپى ۋە ئېھتىياجى. مۇشۇ ئېھتىياج ۋە تەلەپ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي پاناھلىنىش «ئۆيى» بولغان تەبىئىي تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە گەمىلەردىن ئازاد قىلىپ، بۈگۈنكى مۇئەييەن گېئومېترىيەلىك شەكىلگە كىرگەن، مەدەنىي ھايات كەچۈرۈشكە ماس كېلىدىغان كۆپ خانىلىق، ئازادە ۋە چىداملىق ئۆيلەرنى ئىختىرا قىلىشقا تۈرتكە بولغان. زامان ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە، يېڭىلىققا تەلپۈنۈش رايىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيەلەرنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە قايتا قۇرۇش تەلىپى تۇغۇلىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەتلىك تەرەققىيات سىجىللىقى. قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنى قايتا قۇرۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتكۈل دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بۇ «ئەل رايى قۇرۇلۇش» پىلانى ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپ ئېھتىياج ۋە تەلەپنىڭ مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت.

بىز ئالدى بىلەن قەشقەر شەھىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تار، ئاھالىسى ناھايىتى زىچ بولۇپ، نەدەسىنىڭ زىچلىقى جەھەتتە ئاپتونوم

رايونىمىز بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. 2007 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 199.38 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 440 مىڭ 100 كىشى بولۇپ، ھەر كىۋادرات كىلومېتىر يەرگە 2725 كىشىدىن توغرا كەلگەن. قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان كوناشەھەر (ھېيتگاھنى مەركەز قىلغان تۆت كوچا باشقارما) نىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى ئاران 8.32 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، نوپۇسى 219 مىڭ 200 كىشى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىۋادرات مېتىر يەرگە 4000 كىشى ئولتۇراقلاشقان (بىر كىشىنىڭ پائالىيەت سورۇنى ئاران 4 كىۋادرات مېتىرغا توغرا كېلىدۇ). نوپۇسىنىڭ زىچلىقى جەھەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەتتا مەملىكىتىمىز بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان شاڭخەي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى. يەرنىڭ قىسلىقى، ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقى تۈپەيلىدىن ئولتۇراق ئۆيلەر بىر- بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، كۆپلىگەن كوچىلار ھەم تار، ھەم ئۇستى يېپىق بولۇپ، قاتمۇقات كوچىلارنىڭ ئىچىدە بىرەر كۆكەرتىش مەيدانى، دەم ئېلىش سورۇنىمۇ يوق. كوچىلارنىڭ تارلىقىدىن بىرەر ئاپەت يۈز بېرىپ قالسا ئوت ئۆچۈرۈش ۋە باشقا قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىمۇ كىرەلمەيدۇ. خۇددى قەپەستەك ياسالغان بۇ كوچىلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تەبىئەتنى ئەركىن نەپەسلىنىشمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

2. قەشقەرنىڭ كوناشەھەر رايونىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ئاددىي كېسەك ـ خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىر ئائىلە چامىنىڭ يېتىشىچە ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇستىگە بالىخانا ئۆيلەرنى سېلىۋالغان، ئۆيلەرنىڭ تېگىنى كولاپ ئامبار ـ گەمە ئۆي سالغان، ھەتتا ئۇدۇل قوشنىلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ تېمىدىن پايدىلىنىپ، كوچىغا ئارتىلدۇرۇپ ئۆي سېلىشقان. ئۆي ئۆيلەرگە، كوچا كوچىلارغا تۇتىشىپ، قات ـ قاتلىشىپ ئۆزگىچە بۇرۇقتۇرمىلىق مەنزىرە شەكىللەندۇرگەن. بۇ

لاي ـ كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ 60% ى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سېلىنغاچقا، ئۆيلەرنىڭ مەراسى تار، سېلىنىشى پىلانسىز، ئىچىملىك سۇ يولى، ئەۋرەز (پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى)، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھېچقانداق ئىسخېمىسى يوق قالايمىقان كولىغان لەخمىلەرنىڭ ئېنىقلانغان ئۇزۇنلۇقى 95.35 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ لەخمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەر تەۋرەش، ھۆل ـ يېغىن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىرىدە گۇمۇرۇلۇپ كېتىپ، ئۆيلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى يېرىلىپ كېتىپ، خەتەرلىك ئۆيلەرگە ئايلىنىپ قالغان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى تۆۋەن بولۇپ، مۇقىم كىرىم مەنبەسى يوق، قەشقەر كوناشەھەر رايونىدا ھازىر بار بولغان ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە نامرات ئاھالە 68 مىڭ 897 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئاھالە 56 مىڭ 891 كىشىدىن ئىبارەت (2008 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇمات). شۇڭا، مۇتلەق كۆپچىلىك شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاش ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى يوق.

3. گېئو ـ تېكتونىكىلىق شارائىتى ناچار، يەر تۇزۇلۇشى مۇرەككەپ. قەشقەر شەھىرى جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تالاس ـ پەرغانە ئۇزۇلمىسىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچى دەۋردىن بۇيان تىغلىق يەرلەر ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ، تېكتونىكىلىق ھەرىكەت ۋە ئېقىن سۇلارنىڭ ئېروزىيەلىشى نەتىجىسىدە ئولتۇرۇشما رايونلاردا كەلكۈن ئاقما چۆكۈندىلىك ماددىلار داۋاملىق جۇغلىنىپ زور چۆكۈندە بەلباغ ھاسىل قىلغان، شەھەر رايونى شەرقىي

شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي پەسلەپ، تاغلارنىڭ تومۇرى بىلەن ئاساسەن بىردەك يۆنىلىشتە سوزۇلغان. شۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلاپ يەر يۈزىدىن چوڭقۇرلۇقى 2 ~ 5 مېتىرغا يەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئەتىياز پەسلى يوللارنىڭ بوشاپ، پاتقاقلىشىپ كېتىش ھادىسىسى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇ گېئو - تېكتونىكىلىق ئالاھىدىلىك شەھەر ئىچى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرغان.

4. تەۋرەنمەس قۇرۇلمىلارنىڭ تەسىرى ئېغىر. قەشقەر شەھىرىدىكى تەسىر كۆرسىتىدىغان تەۋرەنمە قۇرۇلمىلار ئاساسەن غەربىي جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلبېغى بىلەن غەربىي قۇرۇمتاغ يەر تەۋرەش بەلبېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى يەر تەۋرەش بەلبېغىدا تارىختا، بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندا يەر تەۋرەش كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئوتتۇرا دېڭىز — ھىمالايا يەر تەۋرەش بەلبېغىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ دەل ئىككى يەر تەۋرەش بەلبېغىنىڭ تۇتاشقان رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە يەر تەۋرەش قېتىم سانى كۆپ، يەر تەۋرەش كۈچىنىشى يۇقىرى، يەر تەۋرەش ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيان ئېغىر بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئون رايوننىڭ بىرى. يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا 6 بالدىن يۇقىرى بولغان يەر تەۋرەش 42 قېتىم يۈز بەرگەن[1].

قەشقەر شەھىرىدە ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن يەر تەۋرەش ئاپىتى

---

[1] تۇرسۇنگۇل مۇھەممەت: «يەر تەۋرەش بىلەن قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيەسى»، 2009 - يىللىق 2 - سان، 150 - بەت.

1786 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بولۇپ، قانچە بال ئىكەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن. بۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە شەھەر رايونىدا بۇزغۇنچىلىق ئانچە ئېغىر بولمىغان. قەشقەر شەھىرىگە بۇزغۇنچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولغان يەر تەۋرەش ئاپىتى 1902 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يۈز بەرگەن. ئۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ مەركىزي نۇقتىسى ئاتۇشنىڭ شىمالىي قىسمى بولۇپ، 8.25 بالدىن كۆچلۈك يەر تەۋرەش ئاپىتىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ تەۋرەش كۈچىنىشى 9 بالغا يەتكەن. شۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە قەشقەر شەھىرىدىلا 90% ئولتۇراق ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتكەن، 500 دىن كۆپرەك ئادەمنىڭ ئۆلۈش ـ يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مۇنارى، ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ گۈمبىزى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بەزى پېشقەدەملەر شۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچا بويلىرىدىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچى يەرگە تەگكەن دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. 1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا 7.4 بال يەر تەۋرىگەن. ئۇنىڭ تەسىرىدە قەشقەر شەھەر ئىچى رايونىنىڭ تەۋرەش كۈچىنىشى 6 بالغا يېتىپ، خېلى زور ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىققان. پەقەت شەھەر ئىچىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى 4 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خېلى كۆپ تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن. نۇرغۇن بىنالار چاك كېتىپ خەتەرلىك ئۆيلەرگە ئايلانغان. 1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىن ئۇلۇغچات ناھىيەسىگىچە بولغان تەۋرەنمە بەلباغدا 6.9 بال قالدۇق يەر تەۋرەپ، قەشقەر شەھىرىدە كۈچلۈك سېزىلما تەۋرىنىشنى پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ تەسىرىدە قەشقەر بىرىنچى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ سۇ توسمىسى 70 سانتىمېتىر ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن. 30 ئادەم يېنىك دەرىجىدە، 17 ئادەم ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپ، 3 ئادەم قازا قىلغان. 2003 ـ

يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، مەكىت، يەكەن قاتارلىق سوزۇلما يەر تەۋرەش بەلبېغىدا 6.8 بال يەر تەۋرەپ، 510 مىڭ ئادەم يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان، 268 ئادەم ئۆلۈپ، 4583 ئادەم يارىلانغان، 22 مىڭ 44 تۇتۇن تۇرالغۇ جاي پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكەن. 70 مىڭ 958 تۇياق چارۋا ئۆلۈپ، 320 مەكتەپ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 371 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ قەشقەر شەھەر رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرى نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ، شەھەر ئىچىدىلا 30 ئائىلىلىك ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتكەن، 271 ئېغىز تۇرالغۇ ئۆي، 30 سىنىپقا چاك كېتىپ خەتەرلىك ئۆيلەرگە ئايلانغان. مۇشۇ يىللاردا 6 بال ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن يەر تەۋرەش ئاپەتلىرى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمەكتە. شۇڭلاشقا، قەشقەر كوناشەھەر رايونىدا يوشۇرۇن خەۋپلەر نىسبەتەن كۆپ، هازىرقى شەھەر ئىچى ئۆلتۈراق رايونى 1902 ـ يىلى يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىنكى خارابىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى مۇستەهكەم ئەمەس. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا قېزىلغان ئاتالمىش ئۇرۇشتىن مۇداپىئەلىنىش لەخمىلىرى تا هازىرغىچە تىندۇرۇۋېتىلمىگەن. بۇ قالايمىقان كولانغان لەخمىلەر ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ تۇرۇش تۇپەيلىدىن ئېروزىيەلىنىپ بوشىشىپ كەتكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەر خىل يوشۇرۇن ئاپەتلەر بىلەن يەر تەۋرەش ئاپىتى قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، دېمىسىمۇ، قەشقەر ئەنە شۇنداق قاتمۇقات زىددىيەت ۋە تەبىئىي خىرىسلار ئىچىدە تۇرماقتا. بۇ تارىختىكى «يېشىل مەرۋايىت» نىڭ ئاللىقاچان دەز كەتكەن چاكلىرى ۋاقتىدا ئۇزۇل ـ كېسىل بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇنداقتا سىچۇەن ۋېنچۇەن رايونىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى ۋە يۈننەننىڭ يۈشۇ شەھىرىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى پەيدا قىلغان مىسلىسىز تارىخىي تىراگېدىيە قەشقەر كوناشەھەر

رايوندا تەكرارلىنىشى تۇرغان گەپ.

ئاپەت ــ رەھىمسىز، ئالدىنى ئېلىش ــ ئاقىلانىلىك.

## 2. قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە قايتا قۇرۇش لايىھەسى ۋە قوللانغان تەدبىرلەر

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، خاتىرجەم، ئىناق ۋە پاراۋان جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ ھېسابلايدۇ.

يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خەلققە بەخت يارىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنىڭ گېئولوگىيەلىك ۋە ئېكولوگىيەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ كۆنسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكى، ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ھەم كونا، ھەم پىلانسىز، ھەم ئۇل ئەسلىھەلىرى ئاجىز، ھەم زامانىۋى تۇرمۇشقا قولايسىز بولۇشتەك ئوبيېكتىپ رېئاللىق قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا رايونىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بۇ مۇشۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان 220 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ قۇرۇلۇش، بىر قېتىملىق ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب ئىدى. شۇڭا، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بۇ خەلق رايى قۇرۇلۇشىغا مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى

ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇردى.

گەرچە ئومۇملۇق جەھەتتىن قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايوننى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەملىك ئېچىپ، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە خەلققە بەخت يارىتىش نىشانلانغان خۇشاللىنارلىق ئىش بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئانچە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ، بولۇپمۇ قەشقەردەك ئەنئەنىۋى تارىخىي مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە بولغان قەدىمىي شەھەرنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش پىلانىنى دەماللىققا كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. بىر قىسىم ساددا ھېسسىياتچان كىشىلەر نەچچە ئەۋلاد ياشاپ ئۆتكەن خىلۋەت كەپىسىنىڭ بۇزۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكىدىن ئەنسىزلىك ھېس قىلىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپمايدۇ. چۈنكى، بۇ رايوندىكى كىشىلەر ئاشۇ تار، قىستاڭ شەھەر مۇھىتىغا كۆنۈپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلار كوناشەھەر رايونىنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ ناچارلىقىنى، ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن خەلق ئارىسىدا ھەر خىل ئەندىشىلەر ۋە ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى بىر خىل تەبىئىي، نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ ئىسلاھات جەريانىدا كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئىچكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى زورلۇق، بېسىم كۈچى ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، رادىيو- تېلېۋىزور، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كوناشەھەر رايوننى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، مەخسۇس تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ، ھەربىر ئائىلىلەرگىچە قەشقەرنىڭ كوناشەھەر رايوننى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش، بولۇپمۇ يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ھەر ۋاقىت كۆرۈلۈش

ئېھتىماللىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئەگەر ۋاقتىدا ئالدىنى
ئالمىساق، ۋېنچۈەن ناھىيەسىنىڭ بۈگۈنى كوناشەھەر رايونىنىڭ
ئەتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇتۇش، شەھەرنى
ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت پىلانى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى،
ئىقتىسادىي تۆلەمگە ئائىت بەلگىلىمىلەر ھەققىدە ھەر بىر
ئائىلىنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ،
خەلقنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىگە يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراش،
ھەربىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى قوللىشىنى ۋە ئاكتىپ
قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش
قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭلا ئىشى
بولماستىن، بەلكى پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى
بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، شەھەر
ئاھالىسىگە بەخت يارىتىدىغان ئەل رايى قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم.
قەشقەرنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار
بولغان يۇقىرىقىدەك تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ پۇختا ۋە ئىنچىكە
ئىشلىنىشى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ
خىزمەتكە ھەقىقەتەن يۇكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى
ئىپادىلىدى. دېمىسىمۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر كوناشەھەر
رايونىدىكى 220 مىڭ ئاھالىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ
بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈش -
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ كۈن
تەرتىپىگە كىرگۈزگەنىدى. 2001 - يىلى ئەينى ۋاقىتتا
گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولداش
ۋېن جياباۋ قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش
خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. ۋېن جياباۋ زۇڭلى
يەنە 2008 - يىلى «قەشقەرنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش
مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

مۇھىم شەھەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارىخىي، مەدەنىيەتلىك داڭلىق شەھەر. قەشقەرنىڭ كوناشەھەر رايونىدىكى خەتەرلىك كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ خەتىرىنى ئازايتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم، چوڭقۇر ئەھمىيىتى بار[1]» دەپ يوليورۇق بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى كېچياڭ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىغا دەرھال تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كونكرېت لايىھە تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشكە باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۆپ قېتىم ئورۇنلاشتۇردى، قەشقەرگە نەچچە رەت بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شۇنداقلا 2008 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋە 2009 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون رەئىسلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتلارنى ئاڭلىدى. كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى، نىشان، ۋەزىپىلەرنى ۋە ئاساسلىق چوڭ تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە نىشان كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم

---

[1] جېن شىشىن: «قەشقەرنىڭ باھارى»، شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى 2009- يىللىق 6 - سان، 27 - بەت.

رايونىنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت - قارارلىرىنىڭ ۋاقتىدا ۋە توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نامىدىن ئابرۇيلۇق، تەجرىبىلىك پېشقەدەم رەھبەرلەرنى قەشقەر شەھىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرمۇ كۆپ قېتىم قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۇنجى قېتىملىق سىناق قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ قۇرۇلۇش غەلىبىلىك ئاخىرلاشقانىدى. قەشقەر كوناشەھەر رايونىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى كىچىك دائىرىنى سىناق نۇقتىسى قىلغان بۇ قۇرۇلۇشتا بۇ رايوندىكى 365 تۇراقلىق ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ جايى چېقىلىپ، 1597 كىشى شەھەرنىڭ سىرتىغا، يەنى قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ تاختا كۆۋرۈك بويىغا ئالدىن سېلىنغان زامانىۋى تۇرالغۇ رايونىغا كۆچۈرۈلگەنىدى. ئۆيى بۇزۇلغان ئاھالىلەرنىڭ يېڭى رايونغا كۆچۈشىگە دۆلەتتىن بېرىلگەن تولۇقلىما پۇل 80 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇ سىناق قۇرۇلۇشىدا چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا ھېيتگاھ زامانىۋى سودا - مۇلازىمەت رايونى قۇرۇلغان. قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بۇ دەسلەپكى سىناق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن نەتىجىلىك ئاخىرلىشىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق چوڭ ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزۈشكە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بەرگەنىدى. مۇشۇ تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا ھەر تەرەپلىمە كۆرۈلىدىغان پايدىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللارنى ئەتراپلىق ئويلاشقاندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىشنىڭ پىلان - تەدبىرلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 2009 - يىل 2 - ئايدا داغدۇغىلىق باشلانغان كوناشەھەرنى

ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا مەركەز مالىيەسىدىن 2 مىليارد يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 1 مىليارد يۈەن، جەمئىي 3 مىليارد يۈەن ياردەم مەبلىغى ئاجرىتىلغان. مەركەزنىڭ ياردەم بېرىش مەبلىغى شەرقىي شىمال رايونىدىكى كەپە ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشكە، پەۋقۇلئاددە ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچۈەن ناھىيەسىگە بېرىلگەن ياردەم ئۆلچىمىدىن خېلى يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغان ياردەم مەبلىغى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى يەر تەۋرەشكە چىدامسىز ئۆي قۇرۇلۇش پىلانىدىكى 2 مىليون 800 مىڭ ئۆيلۈك دېھقان - چارۋىچىنىڭ ئۆيىنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياردەم مەبلىغىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلەشتى. مەيلى مەملىكىتىمىز ياكى دۇنيا تارىخىدا بولسۇن ئاھالىلەرنىڭ كونا ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى بۇنداق ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس. دۆلەت مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغان بۇ زور ياردەم مەبلىغى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىدە ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە كوناشەھەر رايونىدىكى 49 مىڭ 83 ئائىلىنىڭ 5 مىليون 700 مىڭ كىۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆيى ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 4622 يۈرۈش، 240 مىڭ كىۋادرات مېتىر ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيى سېلىنىدۇ. ھازىر نەزەرباغ يېزىسىدا قۇرۇلۇپ بولغان «بەخت باغچىسى» ئولتۇراق رايونىغا 1 - تۈركۈمدە پىلانلانغان بىر قىسىم خەتەرلىك ئۆيلەردىكى نامرات شەھەر ئاھالىلىرى ئىختىيارىي ھالدا ھەقسىز كۆچۈرۈلۈپ (ھازىرغىچە كۆچكەنلەر 556 ئائىلىگە يەتكەن) شەھەر ئىچىدە مەلۇم بوشلۇق ھاسىل قىلىندى.

ھازىر بۇ قۇرۇلۇش پىلانلىق ھالدا داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەل رايى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق شەھەر ئىچىدىكى 4 چوڭ رايون، 130 غا يېقىن كوچا - مەھەللىلەرنىڭ سۇ، توك، پار، گاز ۋە مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسەلىرى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ، لەخمىلەر تىندۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتلەر

تۈگىتىلىدۇ. كونا، خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشتە ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن يەر تەۋرەشكە چىداملىق، مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئىسىل ئۆيلەرنى شۇ پېتى قوغداپ قېلىشنى بىرلەشتۈرۈش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. كوناشەھەر رايونىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن، ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان سىرلىق ئوردىسىمان كوچىلار، توپ ئولتۇراقلىشىش شەكلى، ھويلا - ئاران قۇرۇلمىسى، پۈتۈن قىياپىتى نۇقتىلىق ھالدا قوغدىلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقى قوغدىلىدۇ. ئۆزگەرتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنىپ 8 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنىدۇ. يېڭى سېلىنىدىغان ئۆيلەر شۇ ئائىلىنىڭ رايى بويىچە ئايرىم لايىھەلىنىپ قەشقەر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئۆزگەرتىش رايونلىرىدا مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ۋە دەم ئېلىش سورۇنلىرى كۆپەيتىلىپ، كۆكلەمزارلاشتۇرۇش كۆلىمى كېڭەيتىلىدۇ. كوناشەھەر رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ياخشىلىنىپ، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ياخشى، خەلقى باياشات، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشانى تىرىشىپ ئورۇنلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، قەشقەر شەھىرىدەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تويۇنغان قەدىمىي تارىخىي شەھەرنى ئۆزگەرتىش — قايتا قۇرۇش ئىشى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چېتىلىدىغان بىر قېتىملىق زور ئىسلاھات ھەرىكىتى. ئەگەر بۇ ئىسلاھاتنى يۈرگۈزۈشنىڭ پىلان - تەدبىرلىرى پۇختا ۋە ئىشەنچلىك بولمىسا بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىش قىيىن. شۇڭا، ئۆزگەرتىش جەريانىدا بايقالغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش لايىھەسىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ

ئىلمىيلەشتۈرۈشكە، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ئادەمنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

مەلۇمكى، قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىدا نامرات ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، گەرچە دۆلەت زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، ناھايىتى كۆپ ئەرزان باھالىق ئۆيلەر ۋە ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيلەرنى سېلىپ، ئۆيى چېقىلغان ئائىلىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارغا زور مىقداردا تولۇقلىما ياردەم پۇلى بېرىدىغان بولسىمۇ، دۆلەت مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغان بۇ مەبلەغ كوناشەھەر رايونىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشكە يېتىشمەيدۇ. شۇڭا، ھەر تەرەپلىمە مەبلەغ سېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، ئۆيى چېقىلغان ئائىلىلەرگە تولۇقلاپ بېرىدىغان مەبلەغنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ۋە ئۆز ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شەھەر ئاھالىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغىتىپ، چېقىلىشقا ئۆي ئىگىلىرى ئۆزى مەسئۇل بولۇش، قايتا سېلىشنى بىر تۇتاش لايىھەلەپ بەلگىلەنگەن قۇرۇلۇش تارماقلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەش، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشكە رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆزئارا ھەمكارلىق، ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ شەخسلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاش لازىم. ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانلارنى مۇكاپاتلاش، ئۈلگىلىك تىپلار ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلەش، ئۆيى چېقىلغان تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلىلەر ۋە تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان تۆلەم پۇلىنى كۆپەيتىش، ئۇلارنىڭ ئىسسىنىش، داۋالىنىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش لازىم.

شەھەر مالىيەسى يار بەرگەن ئەھۋالدا ئۆيى ۋە دۇكانلىرى چېقىلىپ كەتكەن ھۇنەرۋەن - كاسىپلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ سودا بېجىنى مۇۋاپىق كەچۈرۈم قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنى سالغان شەھەر پۇقرالىرىدىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل رەسمىيەت ھەقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەھەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 3. قەشقەر شەھىرىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى تەسىرات ۋە تەسەۋۋۇرلار

2009 - يىلى قەشقەر ئۆزىنىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن قەشقەرنىڭ كونا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان گۈزەل شەھەر قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى، شەھەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى قوللاش سالمىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، يېتەرلىك ئىقتىسادىي مەبلەغ ئاجراتتى. پارتىيە - خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چەكسىز مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشكەن قەشقەر شەھىرىدىكى 440 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ئىچىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز ماكانلىرىنى ئۆزگەرتىپ قايتا قۇرۇشقا بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلققە بەخت يارىتىش نىشانلانغان بۇ ئەل رايى قۇرۇلۇشى 2009 - يىل 2 - ئايدا رەسمىي باشلىنىپ، قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىشكە پۇختا ئاساس يارىتىلدى. 2010- يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 -

كۈنگىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن پايتەخت بېيجىڭدا تارىختا تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلىپ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ئىستراتېگىيەلىك پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەركەزنىڭ بۇ قېتىمقى شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان تارماق، رايونلارنىڭ كۆپلۈكى، ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، قوللاش سالمىقىنىڭ چوڭلۇقى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى، ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا تايىنىش، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. شۇڭا، مەركەز خېلى بۇرۇنلا ئالدىن تەرەققىي تاپقان 14 ئۆلكە، شەھەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەخسۇس تۈرلەر بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللىگەنىدى. بۇ قېتىم شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ھارپىسىدا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا تېزرەك يېتىش ئۈچۈن شىنجاڭنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 19 ئۆلكە، شەھەرنى نۇقتىلار بويىچە شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى قوللاشقا ۋە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم ئىسلاھات ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سىگنالىنى ياڭراتقان، مەركەزنىڭ «ئالاھىدە رايون» قۇرۇش سىياسىتىدىن ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرغان «ئىككىنچى شياڭگاڭ» دەپ تەرىپلەنگەن شېنجېن

شەھىرى قەشقەر شەھىرىنى ئۆزىنىڭ قوللاش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتتى ۋە شېنجېن شەھەرلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باشچىلىقىدا چوڭ ئۆمەك تەشكىللەپ بىرقانچە قېتىم قەشقەردە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەمكارلىق تۈرلىرىنى تۇرغۇزدى. بۇ ھەمكارلىق تۈرلىرى ئىچىدە قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش ئەڭ مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، يېقىن كەلگۈسى ئىچىدە قەشقەرنى غەربىي رايوندىكى «ئىككىنچى شېنجېن» قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، قەشقەرنىڭ ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، گۈللەنگەن، باياشات، ئىناق سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇش ئىرادىسى ئىپادىلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىكى تەرەققىي تاپقان شېنجېن شەھىرى بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى تەرەققىي تېپىۋاتقان قەشقەر شەھىرى «قول ئېلىشقان» قوشماق شەھەرلەرگە ئايلاندى. مەركەزنىڭ مەبلەغ جەھەتتىكى زور قوللىشى، شېنجېن شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ياردىمىدىن ئىبارەت بۇ بىرىكمە كۈچ شۈبھىسىزكى، قەشقەر كوناشەھەرنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ تېز ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەت بېرىدۇ.

«تۇتقىلىق بۈگۈنكى پەيتنى چىڭ تۇتۇش» (ماۋ زېدۇڭ شېئىرلىرىدىن) روھى بىلەن، تېزدىن خىزمەتكە كىرىشىپ قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش خىزمىتىنى ئىلمىي، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، نىشان، ۋەزىپىلەرنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ پىلانلاش پىرىنسىپىنى باشتىن - ئاخىر پۇختا ئىگىلەپ، قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەم كۆز ئالدىدىكىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم كەلگۈسىنى كۆزلەشتەك

خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ئىدىيە تولۇق ئازاد بولمىسا، يىراق تەرەققىيات نىشانىغا يەتكىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقىدەك «تىكىپ - سۆكۈپ» ئىش قىلىدىغان كونا ئەنئەنىۋى رامكىلاردىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنىڭ بۇنداق ئەۋزەل تارىخىي پۇرسىتى ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس. شۇڭا، پۇرسەتنى قەدىرلىشىمىز، ھەممىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە قول سېلىپ ئىشلەپ قەشقەرنى غەربىي رايوندىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق «نۇرلۇق مەرۋايىت» شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

«بىر گۈل ئېچىلغان بىلەن باھار بولمايدۇ». قەشقەر چەمبىرىكىگە 11 ناھىيە، بىر شەھەر قارايدۇ. ئومۇمىي ئاھالىسى 3 مىليون 694 مىڭ 349 كىشى بولۇپ (2007 - يىللىق سان)، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 162 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە بوستانلىقلار كۆلىمى 20 مىڭ 740 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپلۈكى، ئىشلىتىشكە بولىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ تارلىقى سەۋەبلىك قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدا نامراتلىق ئېغىر، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى تۆۋەن، شۇڭا قەشقەرنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەنىلا يېزا - قىشلاقلارنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش نىشانىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى ھەمدە يېزا - قىشلاقلاردا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت

ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى. 2004 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ قۇرۇلۇشقا دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مالىيەدىن ھەر يىلى زور مەبلەغ ئاجرىتىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يەر تەۋرەش ئاپتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئەمەلىي ياردەم بەردى. بۇ خىزمەت 6 يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ، پىلان ـ تەدبىرلەر، تۈزۈم ـ قائىدىلەر يىلسېرى مۇكەممەللىشىپ، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش ياسىدى.

بۇ جەھەتتە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى بۇ خىزمەتكە بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. ھەرقايسى ناھىيە رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كونكرېت پىلان تۈزۈلۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى قەدەم باسقۇچلۇق ۋە تەرتىپلىك ھالدا قانات يايدۇردى.

2009 ـ يىللىق قەشقەر يېزىلىرىدىكى يەر تەۋرەش ئاپتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى 72 مىڭ ئائىلە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ يىل ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلىغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سانى 74 مىڭ 866 ئائىلىگە يەتكەن. يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش تاماملىنىپ، يېڭى ئۆيلەرگە كۆچكەن ئائىلە 72 مىڭ 55 تۈتۈن بولۇپ، 100.1% ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان. بۇ بىر يىللىق پىلان ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا «6 دە 100% كە يېتىش» تەلىپىگە يەتكەن (پىلاندىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنى 100% كە يەتكۈزۈش، يېڭى قۇرۇلغان ئۆيلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى لاياقەتلىك نىسبىتىنىڭ 100% بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزۈش، خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئالدىن تۈزەشنى 100% كە يەتكۈزۈش، ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر قېتىمدىلا تولۇقلاپ بېرىشنى 100% كە يەتكۈزۈش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش

تەلىپىنى ئورۇنلاشنى 100% كە يەتكۈزۈش). 2009 ـ يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەن قايتا قۇرۇشتا ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئائىلىلەر ئىچىدە نامرات ئائىلىلەر، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلىلەر ۋە بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر 52 مىڭ 656 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا دۆلەت مالىيەسىدىن بېرىلگەن ياردەم مەبلىغى 263 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

يېزا ـ قىشلاقلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى جەريانىدا قەشقەر ۋىلايىتى بۇرۇنقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلگەن. مۇشۇ خىزمەت ھالقىسىنى ئاساس قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە 56 قارار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلغان. ئۇنىڭدا تەربىيەلەنگەن ئادەم 94 مىڭ 800 گە يەتكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچى خادىملار 2800 ئادەم قېتىمغا، تېخنىكا يېتەكچى خادىملىرى 3600 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. ئۇلار بىر تەرەپتىن يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرۇن قۇرۇلغان ئۆيلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىن لاياقەتسىزلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ تۈزەشكە مەسئۇل بولىدى. شۇنداق قىلىپ، «يالغان چىداملىق ئۆي قۇرۇش»، ئۆينىڭ يول تەرەپ تېمىنىلا بۇزۇپ «ھاللىق تام ياساش» تەك كۆز بويامچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى.

يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر قىسىم دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قايتىدىن نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆلەت مالىيەسىدىن بېرىلىدىغان ياردەم پۇل بۇرۇنقى 2800 يۈەندىن 5000 يۈەنگە ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە دېھقان ـ چارۋىچىلارغا يېزا ئامانەت قەرز بانكىلىرىدىن بېرىلىدىغان ئۆسۈمسىز قەرزنىڭ يوللىرى

كېڭەيتىلگەن. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ بىر يىل ئىچىدە پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 167 يېزا ـ بازار ئىچىدىن 180 نۇقتا تاللىنىپ، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى تەلىپىگە يەتكەن ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى شەكىللەندى. ئاھالىلەرنىڭ بۇ يېڭى ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىدا سۇ، توك، گاز، يول قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرى تولۇق يۇرۇشلەشكەن بولۇش، ھويلا ـ ئارانلىرى كەڭ، كۆكلەمەيدانلىق بولۇش، ئۆيلىرى خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق، 8 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش، ئۆيلەرنىڭ يورۇقلۇق، ئىسسىنىش ۋە تازىلىق مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولۇش، قوتانلىرىدا سىمىز كالا ـ قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇش، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدا يەنە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان مۇراسىم سورۇنلىرى، يېزا مەدەنىيەت ئۆيى، دېھقانلارنىڭ تاللا بازىرى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە مەيدانى بولۇش قاتارلىق ئاساسىي شەرتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە شۇ شەرتلەر بويىچە پىلانلاش، قۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ كونسېرى مۇكەممەللىشىشى، ياردەم بېرىش سالمىقىنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش خىزمىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

1) گەرچە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا دۆلەت مالىيەسىدىن بېرىلىدىغان ياردەم مەبلىغى ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ئۆسۈش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىدىكى ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن تەڭلىشەلمىدى. 2 — 3 يىل بۇرۇنلا

قەشقەردە بىر خىشنىڭ باھاسى 0.12 — 0.15 يۈەنگىچە بولسا، ھازىر ئۆسۈپ 0.35 يۈەنگە چىقتى. باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىمۇ شۇ نىسبەتتە ئۆسۈپ كەتتى. نەتىجىدە دېھقان - چارۋىچىلار چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە.

2) قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىدە يەنە ئوخشىمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېڭى تەپەككۇرى تولۇق قوزغىتىلمىغاچقا، «ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش» نى كۆزلەپ، ئۆزلىرىگە بەخت يارىتىدىغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاڭلىقلىقى يېتەرسىزرەك بولۇۋاتىدۇ.

3) يېڭى ئۆي قۇرۇلسىمۇ، لېكىن يېڭى يېزىنىڭ قىياپىتى كۆرۈنمەسلىكتەك مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت.

4) قالدۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يەنىلا ئۇزۇل - كېسىل ئەمەس، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق بۇرۇن ياسالغان ئۆيلەردىن «لاياقەتسىز» دەپ بېكىتىلگەن ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىنى قايتا تۈزەش ئىشى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن.

تۆۋەندە قەشقەرنىڭ كېلەچەك تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىما پىلاننى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەكلىپ - تەسەۋۋۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

1. قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش پىلان لايىھەسى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ نۇرغۇن مۇرەككەپ جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، پۈتۈن مەملىكەت، ھەتتا دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان تارىخىي بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چوڭ ئىش ئىدى. گەرچە قەشقەر ئېلىمىزدىكى سانىسىزلىغان شەھەرلەر ئىچىدە كىچىككىنە بىر «پىچكا» بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىچكىنىڭ «شاھمات تاختىسى» دىكى ئورنى ۋە رولى ئالاھىدىرەك ئىدى. شۇڭا، دۇنيانىڭ نەزەرىدىكى

«ئوتتۇرا ئەسىر قىياپىتى» ھېلىغىچە ئەينەن ساقلىنىپ كېتىۋاتقان بۇ سىرلىق تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرىنى ئۆزگەرتىشكە جاھان ئەھلىنىڭ كۆزى تىكىلگەن، ھەتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈشكە جەلپ قىلىنغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەم قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي يادىكارلىق قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش، ھەم ئۇنىڭ دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان خەتەرلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ جەلپكار زامانىۋى شەھەر قۇرۇش نىشانلانغان بۇ پىلان لايىھەسى كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىراق، پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا بەزى يېڭى زىددىيەتلەر تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەل رايىنى چىقىش قىلىش»، «مەبلەغنى تېجەش»، «بوگۇننى كۆزلەپ، ئەتىنى نېسى قالدۇرۇش»، «ئۆزى چېقىپ، ئۆزى تۈزەش» شاملى ئەدەپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دولقۇنى» قوزغىلىپ قالدى. بۇ پايدىسىز ئامىللار تۈزىتىلمىسە يېڭى ئۆيلەر سېلىنغان بىلەن شەھەرنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خەتەرلىك ئۆيىنى بۇزۇپ، شۇ ئۆينىڭ ئورنىغىلا يېڭى ئۆي سېلىش پىلانلانسا، تار كوچىلار يەنىلا ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىدا شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلىرىنى (دەم ئېلىش، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش ۋە باشقىلار) ئۆتكۈزىدىغان مۇۋاپىق بوشلۇق ھاسىل بولمايدۇ. زامانىۋى شەھەر قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. شەھەرنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىش تەلىپى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قەشقەر شەھىرىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئىدىيە - تونۇش جەھەتتە ھالقىش كېرەك. ناۋادا بوگۇنكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش

پىلانىدا قەشقەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانى تولۇق گەۋدىلەنمىسە، بىرقانچە يىللاردىن كېيىن يەنە بۇزۇپ - چېقىش تەكرارلىنىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.

2. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ داۋاملىق تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆلىمىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىشنى تەقەززا قىلماقتا. يېقىندا قەشقەر شەھىرىگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان شېنجېن شەھىرى قەشقەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرنى 5 يىل ئىچىدە 2 مىليون نوپۇسقا ئىگە زامانىۋى چوڭ شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق سىرتقا كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلماقتا.

قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھىدروگىيەلىك، گېئولوگىيەلىك، ئېكولوگىيەلىك ۋە باشقا مۇھىت شارائىتى مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، شەھەر رايونىنى سىرتقا كېڭەيتىشتە يۇقىرىقى ئامىللارنى ئەتراپلىق ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ مۇھىت ئامىللىرىنى، شۇنداقلا قەشقەر شەھىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مەمۇرىي ئورنىنى نەزەردە تۇتقاندا، شەھەر رايونىنى شىمال ۋە شەرقىي شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ كېڭەيتمەستىن، بەلكى ۋىلايەتنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئىچكى رايونلىرىغا قاراپ، يەنى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىگە قاراپ كېڭەيتىپ گۈللەندۈرۈش، يۆنىلىش ۋە جايلاشتۇرۇش جەھەتتە تولىمۇ ئاقىلانىلىك تاللاشتۇر[1]. شۇڭا، شەھەر رايونىنى كېڭەيتىشتە قىزىل دەرياسىدىن ھالقىپ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسى تەۋەسىگە كېڭەيتىپ قۇرۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئۇنىڭدىن

---

① جېن شىشىن: «قەشقەرنىڭ باھارى»، شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى 2009 - يىللىق 6 - سان، 27 - بەت.

باشقا، قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا، يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان رايونلارنىڭ يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، يەر قاتلاملىرى نىسبەتەن بوش، كۆتۈرۈش ئىقتىدارى تۆۋەن، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى بولغان رايونلاردا ئېگىز بىنالارنى سېلىشتىن ساقلىنىش، ھازىر سېلىنىۋاتقان بىنالارنىڭ ئۇل قىسمىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق بىنالارنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىش ۋە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش لازىم. ھازىر قەشقەر شەھىرى مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى بىلەن بەسلەشكەندەك ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارنى كۆپلەپ سېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىنالارنىڭ كۆپچىلىكى شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونلىرى ۋە تۈمەن كۆلى (دوڭخۇ كۆلى) بويىدىكى مەنزىرىلىك جايلارغا مەركەزلەشكەن. بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ كېلەچەك تەرەققىيات نىشانى ۋە بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا توغرا تاللاش ئەمەس. شەھەر قىياپىتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جەلپكارلىقى مۇقەررەركى ئېگىز بىنالارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى، پۇقرالارنىڭ مەدەنىيلىكى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىقى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال كۈچى ئاجىز، ئولتۇراقلىشىش ئادىتى ئۆزگىچە بولغاچقا، قەشقەردە قەد كۆتۈرگەن بىنالارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، مەبلەغ ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

3. قەشقەر شەھىرى ساياھەتچىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن مەھرۇم قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاممىۋى مۇلازىمەت قۇرۇلۇشلىرىدىن تارتىپ ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرىغىچە، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خىزمەت بىنالىرىدىن ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ

دۆكانلىرىغىچە، ئومۇمەن بارلىق چوڭ ـ كىچىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە قەشقەرنىڭ يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش تارماقلىرى ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىز بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ بۆلۈمىدە قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلغاندا، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرى كۆپرەك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا ۋە قەشقەرچە نەقىش ـ بېزەكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ دېگەنىدۇق. دەرۋەقە شۇنداق، ئەمدى زامانىۋى بىنالار ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە مىللىي ئۇسلۇبنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە ئارخىتېكتورلۇق نۇقتىسىدىن داۋاملىق ئىزدىنىپ يېڭىچە يول تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈن سېلىنغان ئاتالمىش مىللىي ئۇسلۇبتىكى بىنالارنىڭكىگە ئوخشاش بىنانىڭ بىر بۇرجىكىگە گۈمبەز ياكى مۇنار چىقىرىپ قويۇش بىلەنلا بۇ مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە قەشقەر شەھىرىدە سىرتقى شەكلىدىن مىللىي ئۇسلۇبى گەۋدىلىنىدىغان بىرقانچە ئۈلگىلىك بىنالارمۇ بار. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مېھمانخانا بىناسى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خىزمەت بىناسى، چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ 1 ـ بىناسى، سەمەن مېھمانخانىسى، يامبۇ سارىيى، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان ئىخلاس تاللا بازىرى، ئەمىن سودا سارىيى...... ۋە باشقىلار. ئەلۋەتتە، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتقى ئۇسلۇبىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلىغاندا، مىللىي ئۇسلۇبنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە جەلپكارلىقى نامايان بولىدۇ. ئەمما، بىر شەھەرگە نىسبەتەن يېڭى سېلىنىدىغان ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بىر خىل ئۇسلۇب بولۇشنى تەكىتلەشمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق تاللاش ئەمەس، بولۇپمۇ قەشقەردە سودا، ساياھەت مەركىزىدە ئىمكانىيەت بولسىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى رۇجەكلىرىدىكى

ھەر خىل ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ ئۆلگىلىك نۇسخىلىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا بۇ شەھەرنىڭ جەلپكارلىقى ۋە مەپتۇنكارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. چۈنكى، رەڭدارلىق، خىلمۇخىللىق كىشىلەردە ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان قوزغاتقۇچ ئامىللاردۇر.

4. ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشتە مەبلەغ بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلۈپ، پۇقرالار ئارىسىدا خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلماقتا. ئەسلىدىكى بەلگىلىمىدە چېقىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھەر كىۋادرات مېتىرىغا دۆلەتتىن 450 يۈەندىن تولۇقلىما ياردەم بېرىلىدىغانلىقى، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئۆزى چېقىپ، تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىقى تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى ھېسابىغا قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى توختام بويىچە سېلىنىدىغان ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ قوپۇرۇپ بېرىش، ئۆينى يېپىش، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئورنىتىش، بېزەكچىلىك ئىشلىرىنى ئىشلەش قاتارلىق ھالقىلىق ئىشلارغا ئۆي ئىگىلىرى ئۆزى مەسئۇل بولۇش بەلگىلەنگەن. قەشقەر كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسەن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىپ، چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ تۆت تېمى تەلەپكە لايىق قوپۇرۇلۇپ بولغان، لېكىن شەخسلەر ئۆز مەبلىغىگە تايىنىپ ئىشلەيدىغان قۇرۇلۇش قىسمى شۇ پېتىچە تۇرغان. ئۆيى چېقىلغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھېچقانداق كىرىم مەنبەسى يوق، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان نامرات ئاھالىلەر بولغاچقا، ئەمگەك كۈچى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەننەرخى ئۆسۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بۇزۇلغان ئۆيلىرىنى تۈزەشكە قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ زىددىيەت ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىسا قەشقەرنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قەشقەر شەھەر ئىچى پۈتقىرالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاشۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدىكى كىچىككىنە قورۇ- جاي ئۆلارنىڭ ئۆمۈرلۈك بايلىقى ۋە بارلىقى، ئەجدادتىن - ئەۋلادقا قالغان تەۋەررۇك مىراسى. شۇڭا، قەشقەر شەھىرىدە ئۆي - زېمىن ھەممىدىن باھالىق ۋە ئەتىۋارلىق تاۋار بولۇپ كەلگەن. قەشقەرنىڭ مۇشۇ ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن مەبلەغ نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش ئارقىلىق، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلىلەر ۋە تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىش لازىم. دۆلەت مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغان ۋە باشقا يوللار بىلەن توپلانغان مەبلەغنى تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇپ، ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك. يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن بۇ «كېرەك» لەر يېزا - قىشلاقلاردىكى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ.

مەيلى قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى بولسۇن ياكى ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، يېزا - بازارلىرىدىكى يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مەقسەت - نىشانى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 3 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىغا بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە چەكسىز غەمخورلۇقى ئاستىدا قەشقەر شەھىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش پىلانى غەلىبىلىك تاماملىنىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى بۇ «يېشىل مەرۋايىت» شەھەر تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ، ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشىدۇ، پەللىدىن - پەللىگە ئاشىدۇ.

# خاتىمە

2008 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى پولات ئۆمەر ئەپەندىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلۇش نازارىتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ھەمكارلىقىدا «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى ئىشلەش پىلانىغا ئېلىنغانىدى. بۇ تەتقىقات تۈرىگە مەن مەسئۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئىككى يىلدىن بۇيان ماتېرىيال توپلاش، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، يېزىش، رەتلەش ئارقىلىق بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان «قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ ئەسەر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئومۇملۇق جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە بولسىمۇ، لېكىن ماددىي مۇھىت، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ھەرقايسى رايونلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدە بەزى پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىچىلىكلەر قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا بىرقەدەر نۇقتىلىق گەۋدىلەنگەچكە، بىزمۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تەتقىقاتىمىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىدە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى شەرھلەشنى نىشانلىدۇق.

بىناكارلىق — گېئومېترىيە، جۇغراپىيە، گېئولوگىيە، ھىدرولوگىيە، ئېكولوگىيە، مەدەنىيەتشۇناسلىق، سوتسىيولوگىيە، ئېستېتىكا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇنىۋېرسال بىر پەندۇر. شۇڭا، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن،

بىناكارلىق تېخنىكىسىغا ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. شۇنداق بولسىمۇ مۇمكىنقەدەر مۇشۇ پەننىڭ ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، قەشقەر بىناكارلىقىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئېچىشقا تىرىشتىم. ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سالامەتلىكىمنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، دەسلەپكى بۇ تەتقىقاتتا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا، كەسىپداشلارنىڭ سەمىمىي ياردىمىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

بۇ تەتقىقاتنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىگە، مۇئاۋىن نازىر پولات ئەپەندىگە، «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى نەشر قىلىش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى ئادىل مۇھەممەت تۇران ئەپەندىگە ۋە بىر قىسىم كونكرېت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئوسمان مۇھەممەت قارا قۇتلۇق ئەپەندى، ئېلى ئوبۇلقاسىم ئەپەندى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

مۇئەللىپتىن

**پايدىلانمىلار**


1. مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ، 1983 ـ يىلى، I، II، III توملىرى.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى.

3. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشرى.

4. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

5. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى

نەشرى.
6. ئابدۇكېرىم راھمان: «ئەزىزانە قەشقەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 - يىلى نەشرى.
7. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى.
8. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى.
9. ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى.
10. ئابدۇكېرىم رەھمان: «20- ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىلى نەشرى.
11. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى.
12. راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى.
13. قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى.
14. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2009 - يىلى نەشرى.
15. پولات كاربايوف: «قازاق مىللىتىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى»، ئىلى خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى (قازاقچە).
16. ئالىمجان مەخسۇت قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
17. مۇھەممەتئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى.
18. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، سىياسىي كېڭەش

قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تۈزگەن. 1986 - يىلىدىن 2000 - يىللىرىغىچە چىقىرىلغان سانلار.

19. ئىلشات تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تامچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى.

20. «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيەسى»، ئىلىم - پەن نەشرىياتى نەشرى 2009 - يىللىق 2 - سان.

21. «شىنجاڭ سۇرەتلىك ژۇرنىلى»، 2009 - يىللىق 6 - سان.

B. خەنزۇچە مەنبەلەر

1. 《喀什地区》（上下）新疆人民出版社， 2004 年

2. 《喀什市志》，新疆人民出版社，2002 年

3. 《喀什地名图志《， 喀什市地名委员会，1986 年

4. 《新疆农房抗震建筑节能实例选编》， 新疆维维尔自治区抗震安居办公室，2000 年



قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



مەھمۇد كاشغەري مەقبەرىسى





يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى



ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ مۇنارى



سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



ئامانىنىساخان قەبرىگاھى



يەكەن ئالتۇن جامەسىنىڭ دەرۋازىسى



قەشقەر كوناشەھەر ئاھالىلەر رايونىنىڭ بوشلۇقتىن كۆرۈنۈشى



قەشقەر شەھىرى ياربېشى مەھەللىسى



ياغاچتىن ياسالغان تۈۋرۈك



دەرۋازا



هويلا دەرۋازىسى



خىش توقۇلما نەقىش





خىش ئويما نۇسخىلىرى



ياغاچ ئويمىلىق پەنجىرە



ميهراب



گەج تەکچە



خىشتىن ياسالغان تەكچە



قەشقەر «ئوردا پولۇخانىسى» نىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



ئۆي ئىچى



تونۇر



گىردە يېقىلغان تونۇر



بىر قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيلەر



قەشقەر شەھىرىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئاھالىلەر ئۆيى



قەشقەرنىڭ پېشايۋانلىق تۇرالغۇ ئۆيلىرى



يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان ئۆيلەر





ئۆزگەرتىلىدىغان ئۆيلەر




قەشقەر شەھىرىدىن تارقاقلاشتۇرۇلغان ئاھالىلەر ئۈچۈن يېڭىدىن
سېلىنغان «بەخت ئولتۇراق باغچىسى»



يېڭى ئولتۇراق رايونغا كۆچۈۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى




يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان غەربىي رايونلۇق مۇسۇلمان
ئارخىتېكتور ئەختەرىدىن ئىشلىگەن خانبالىق (بېيجىڭ شەھىرى)
نىڭ يېڭى لايىھەسى



40 ئائىلىلىك ئولتۇراق رايونى

《喀什噶尔》系列丛书共28册，内容包括喀什噶尔从远古时期到现在的历史、考古、古籍、探险、教育、文艺、民俗、体育、交通、旅游、地名、新闻出版、自然资源、维吾尔刀郎文化、手工艺、企业家、著名人物、生产建设兵团、喀什噶尔大事记及其发展过程。丛书的本册较系统、全面、详细地介绍喀什噶尔古代和现代时期建筑文化包括院子、果园文化、文物等建 文化等情况。

**图书在版编目（CIP）数据**

喀什噶尔建筑文化 ：维吾尔文 / 阿布都克里木·热合曼著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.7
（《喀什噶尔》系列丛书 ；15）
ISBN 978-7-5373-2759-6

Ⅰ. ①喀… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①维吾尔族－民族建筑－建筑艺术－喀什地区－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. ①TU-092.815

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第170763号

责任编辑：**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**
责任校对：**坎拜尔古丽·吾斯曼**

《喀什噶尔》系列丛书（15）

**喀什噶尔建筑文化**

阿布都克里木·热合曼 著

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000）
**各地新华书店经销**
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 **毫米** 1/32 **开本** 8.625 **印张** 2 **插页**
2012年7月第1版 2012年7月第1次印刷
**印数：**1—3000 **定价：**26.00元

---

如有质量问题，请与我社联系调换。 电话：0998 — 2653927

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (ئۈچ توملام)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى» قا- تارلىق يىرىك تۈرلەرنى يېزىشقا ۋە تو- زۇشقا قاتناشقان. «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، «ئۇيغۇر مۇقام پېشۋالىرى»، «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەت- لىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئەزىزانە قەشقەر» (2 توملۇق)، «قەش- قەر بىناكارلىق سەنئىتى» قاتارلىق نەزەرىيەۋى ئىلمىي ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت توپلاملىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىر- تىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر «جۇڭگو ئاز- سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى» ۋە «جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاس- سىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەم- ئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئارتقۇرۇپ كەلمەكتە.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-2759-6

9 787537 327596 >

（民文）定价：26.00 元